NATIONAL SECURITY AGENCY

# AN EAST TURKI READER

## R/18

August 1957

Office of Training
National Security Agency
Washington 25, D. C.

FOR OFFICIAL USE ONLY

# CONTENTS

**Selection** **Page**

Introduction........................................................v

1 ........................ تورکستان احوالی

Conditions in Turkestan (report by a refugee)..................1

2 ...... شرقی تورکستاندا کومونیست امپریالیزمی نینگ جنایتلری

Commnist Atrocities in Eastern Turkestan (information
sheet by Mehmed Emin Bughra and Isa Yusuf Alptekin)........29

3 ...... اوچونچی دنیا اوروشی چقتان حالده بزنینگ وضعیتیمز

Our Situation in Event of a Third World War
(by Q. Qoday, *Yalqin* #229, 23 Nov. 1948)..................59

4 ................ برلشمش ملتلر تشکیلاتی توغرولق

About the United Nations Organization
(by Q. Qoday, *Yalqin* #230, 25 Nov. 1948)..................67

5 ........................................ اتیلا

Attila (*Ărk* #220, 17 Nov. 1948)..............................75

6 .............. امریکا ایله ساویت اورتاسیداکی مناسبت

Soviet-American Relations (*Ărk* #219, 14 Nov. 1948)............85

14 .. آمریکا دولت مدافعه وزارتی اوچتو اوردو پلانینی تکشورروش اوستیده
The American Defense Department Study of the Air
Force Plan (*Sinkiang Gaz.* #265, 24 Nov. 1948)............171

15 ........................ شکنجاکننگ چارواچیلقی

Sinkiang Stockraising (*Tien Shan Picture Magazine*,
June 1947)................................................177

16........................ اشغال استبدا المانیه

Occupied Germany (*Ărk* #216, 5 Nov. 1948)....................193

17 ..................... بوگونکی دنیا سیاسی تورومی

World Political Situation Today (leture by Mehmed Emin
Bughra, *Ărk* #223, 26 Nov. 1948)..........................205

18 ........................ آسیا - آفریقا کونفرەنسی

Asia-Africa Conference (extract from pamphlet by Said
Shamil and Isa Yusuf Alptekin, Lahore, 1955)............217

7 .......................... تاشقی دنیا

Brief News Items (*Ãrk* #217, 10 Nov. 1948 ...................... 97

8 .......................... بیلنمه گه ن دنیا

The Amazon, an Unknown World (*Ãrk* #217, 10 Nov. 1948) ......... 111

9 ... آمریکادا چینگه یاردم قیلش مسئله سی جدی ملاحظه قیلنماقدا

American Aid to China (*Sinkiang Gaz.* #269, 29 Nov. 48) ........ 115

10 .................. سوقوشدن کیینکی المان صناعتی

Post-War German Industry (*Ãrk* #222, 24 Nov. 1948) ............. 121

11 .................. روس - المان سوقوشی و تورکیه

The Russo-German War and Turkey (by Prof. R. S. Borçaq, *Yalqin* #233, 29 Nov. 1948) ................................ 131

12 .... غربی اوروپا بیرلیگی دن ایکنجی "وه رسای" فاجعه سیگه

From West European Union to a Second Versailles Tragedy (by Q. Qoday, *Yalqin* #233, 29 Nov. 1948) ................. 143

13 .................. خدایار خاننڭ صوڭغی کونلری

The Last Days of Khudayar Khan (Part I, *Sinkiang Gaz.* #265, 24 Nov. 1948) ..................................... 149

# INTRODUCTION

The present reader provides material in the contemporary East Turki (Uigur) written language as used in Chinese Turkestan. It consists of eighteen selections in the journalistic type of language and aims to enable the student who is studying without instructor but has a thorough understanding of the basic grammar to read the ordinary newspaper language. The selections are chosen as examples of characteristic styles, and offer a broad and useful vocabulary in fields of general interest to the American student. The texts, taken mainly from newspapers (sources are given in the table of contents), are chiefly economic and political in nature. A few of them deal with military and historical subjects.

Each selection is followed by notes which explain unusual or difficult points of grammar. Following the notes is a vocabulary consisting of the more obscure words of the selection, listed in order of occurrence. This, it is hoped, will relieve the monotony of looking up words in the General Glossary (published in a separate volume). A Key, containing translations of all the texts, is also being published in a separate volume.

Two selections, "The Last Days of Khudayar Khan" (13), an historical article, and the political pamphlet, "Appeal to the Chairman of the Conference of Afro-Asiatic States in Bandung" (18), are written in an elevated style and should perhaps be undertaken last. Selection 15, "Sinkiang Livestock Raising" is a translation into Uigur from the Chinese, with resultant peculiarities of style.

A tape-recording of all the texts, made by Mr. David O. Rashid, a native speaker, is available. Mr. Rashid also collaborated most helpfully in all phases of the preparation of this reader.

# AN EAST TURKI READER

# SELECTION 1

## TEXT

### كير يش

چين كامونستلرينڭ يورتيمز اولوغ شرقى توركستاننى استلا قلىشى روسلرنڭ آسيانڭ قلبى بولغان بو مملكتنى تكرار اشغال قلشيغا امكان آچتى ( روسلر شرقى توركستاننى 1934 دن 1943 غا قدر بر دفعه اشغال قلغان ايدى ۰) بونڭ ايله برگه روسلر يورتيمزدا بتون بارليقيمزغه قارشى تورلى جنايت و سوءقصدلرغه باشلاماق ايله برگه دنياغه قارشى بيوك بر استلا و حرب حاضرلقلرغه باشلادى ۰ اونلارنى بز اوز واقتيدا هجت اسباتلرى ايله دنياغه قارشى اعلان قلدوق ۰ همده بو حاللرنڭ بزلرگه قارشى بيوك بر آغيرلق [1] كلتوروب تورغانلىقى ايله برابر دنياغه قارشى بيوك تحليكه‌لر كلتوروشينهده آلغا سوردوك ۰ و دنيانى بو بيوك فلاكتنڭ آلدينى آليشقا دعوت ايتدوق ۰ بونلر بولسا بزنڭ حركتلريمزنى تاقيب قليب كلگن خيرى خواليمزنڭ خاطريدن يراق ايمه‌سدور ۰

بونڭغه رغما من ياقين دا بر آغينه‌مدن هانگكانگده چيقادورغان چيننڭ آوازى آتلق بر مجموعه آلديم ۰ بو مجموعه‌نڭ 13 نجى سانيدا توركستاندن [2] قاچيب چيققان يوزه‌ى سيلڭ آتلق بر ملينجى

چين ويباكى جنرال ما بوفانڭ عسكرلىيدن بولغان بر آدم بزنڭ دعوامز اوچون تمور دەلىل [3]اولاراق روسلرنڭ تارىم نهرىنىڭ باشى طرەفىدە بر آتوم فابريقاسى [4]قورغانلىقى يوندن باشقە بزنڭ اول‌قى خبرلىمزنى تائىيد قليب آقسونڭ جنوبىدن اعتباران تكلاماكان چولىنىڭ ايچى ايلە خوتەن ويلايتىغە قدر بر اوتوموبيل يولى ياساغانلىقى حقىدە بر بياناتدا بولونموش. بو حقيقتنى بو آدم آڭلاش ايلە ايمەس كوزى ايلە كوروش قولى ايلە توتوش اوصولى ايلە اوگرەنمش. [5]ديمك من دعوامزنڭ اسباتى اوچون بو بياناتنى اوز ائمنى ايلە توبە نديكيچە قليب هر بولريمزگە تقديم قيلامن و شونڭ بلەن برگە اوتوغاندن سوڭرە مظلم توركستان خلقى نڭ قوتولوشىغا [6]دوعادا بولوشلرىنى سورامن.

شين جانڭ دەكى "آتوم گراد" نڭ سرى —— يوزەى سيڭ (Yu Zay Sing) كاموتيست عسكرلرى شين جانڭ غە كيرگەن [7]وقتلردە من آغريق ياتقانلىقىم اوچون باشقا عسكرى يولداشلريم ايلە [8]تاغ گە چيقيب كتالمادىم. (او وقت بر پارچە چين عسكرلرى بوزولوب تاغغە [9]چيقيب آلغان ايدى.)

او زمانلر اسير بولغان عسكرلرنى اسكى حكومت اشچيلرى و معارف اشچيليرىغە [10]توشوب اورومچى غە يونكودى. تعلم و تربيه [11]بيرمك بولوب اسير كاميسيغە [12]آليب باردى. بو كامپ اورومچى نڭ

40 لی يراقلقدا غربی جنوبی ده ايدی . ( چهن حسابی دا 40 لی 20 كيلومتر . ) اولچه بو جا يغه روسلر دختان چهلق اسپابلری اشله پ چقاريديغان زاوت [13]دپ اسم بيرپ كلگه ن بولسه ده حقيقتده بونی س روسلرنڭ خفيه اداره سندن عبارت ايدی .

ديمك شهن جاڭ "آزات" بولغاندن سوڭره بو اداره اوروچی گه يوتكه لگه ن و او جای ديكی بوش قالغان اوی لرگه بزلرنی آلپ چيقيپ اورونلا شتورغان . بونڭ ايچهنده 3000 دن زياده آدم بولدوق . كونلوك وظيفه مزنڭ مهم قسمی بوز بر آچماق بر تريماقدن عبارت بولدی . چونكی او زمان كامونست لرنڭ اورتاغه آتقان شعاری "اوز احتياجمزنی اوزيمز تعمين قلماق" [14]ديگه ندن عبارت ايدی .

منڭ خاطره مده قالغانكی بر نوبت "برنچی اوردو (A Military Body) نڭ سياسی رهبری و شهن جاڭ اولكولوك حكومت نڭ عضاسی" گاو جهن جوڭ (Gav Chien Chung) بزلرغه نطق سويله دی . او سوزيده شونداغ ديدی . "اسيرلرگه قارشی [15]قوللانيلاجاق چاره . اكثريت اعتباری توبنديكی ايكی پرنسيپدن سرتقا چقالمايدور . او نڭ بری [16]اولتوروپ يترمك يته بری [17]آزات قليپ قويوپ برمك . برنچی چاره نی بز اشله تميمز اولتوروش اصولی ايله مسئله نی حل قليپ بولمايدور . شونگده ك ايكهنجی چاره نی

هم بز قوللانمايمز چونكى سزلرنى آزات قلىب قويوب برسه ك آزات قلنغان د ن سوگره سزلرنڭ يانا عكسل حركت طرفكه اوتوب قورال كوتروب بزلرگه قارشى سوقوش قلماقلريگز هم طبيعى دور · يعنى دوشمن نى عفو قلماق ديمك[18] اوزيگه ظلم قلماق ديمك دور · كامونست لر البته بونداغ بر يولغا كرالمايدور · حاضرقى چاره اوز كوچلريگزنى ايله اوز حياتلريگزنى تعمين ائتدورمك · تعلم و تربيه برمك اوصولى ايله مفكوره گزلرنى توزه تمك د ن عبارتدور · نه زمان سزلرنڭ مفكوره گزلر توزه له دور او وقت آزات بولو سزلر · بو كبى بر جمله سوز سوزله نشده قولاقغه بلك چيرايلق آڭلانسه مو لكين بو كبى بر حياتنى كچوريشگه بر انسان تحمل قيلالماس ايدى ·

هر كونى 8 ساعت ليك ايش 4 ساعت ليك اوقودين باشقه الڭ آزى 2 ساعت توبه تعلم و تربيه سى اوتكوزوشگه مجبور ايدوك · هر بر آدم اوز ياتاغى اوستونده ، وجودينى تامغه يوله پ ايكى پوتينى اوزوتوب ايكى قولينى ايكى يانغه تاشلاپ كوزلرينى اوتورغه تكيب و يوغان آچيب جيم جيت اولتوروب[19] توشونوشگه مجبور توتولودور · اوى ايچينده ، هيچ بر آواز بولونمايدور · يالغوزغنه بر نيچه نفر "آزاتلق" عسكرى اوچاسيغه ملتيق آسديغى حالده ، آلدى آرقاسيغا يوروب بزنى كوزه ته دور · اگر اورتادا[20] بره ته آدمنڭ روحى آجيزلاشيب موگود پ كوزى يومولوب[21] قالغاننى

کورگه ن واقت بیردن بیر قاتتق آواز ایله نیمه اوچون دققه ت ایله گناهکنی توشونمه یسن دیب واقرایدور. هوررونلوق قیلماقچی مو سن دیب دشنام قیلادور. برنجی دفعه ده بو کبی سوزلر ایله ن آگاهلاندورادور. اگرده بو حال ینه تکرارلانغان واقت هیچ بیر رعایه قیلماسدن کلیب قاتتق اورادور. هر کونکی توشونچه پشمانی نڭ نتیجه سینی هر آدم گوروب مجلیسمنده، [22] اعلان قیلیشقه سوزله ب اوتوشگه مجبوردور. اگر قیلنغان توشونچه سی نڭ نتیجه سی قیسقه راق یازیلیب عادی [23] حالده، سوزله نگه ن تقدرده، راستنی سوزله میدیڭ دیب سوکه دور. براق [24] نقدر یمان بیر آدم بولماسون نقدر کوپ گناه قیلغان بولموسون هر کونی بو قدر [25] توشونگه نلیق اسله گه نلیق نڭ نتیجه سینده، اونڭ توشونچه سینڭ آیاغلاشماقی لازیم کیلور ایدی. لکین بونده، [26] اسله ب بولونسه ده، ینه اسله تدریله دور.

بو نوبت بیر اسیر گوروب مجلیسیده، بیرگه ن بیاناتی اثناسنده ایدی. منڭ حقیقتا. [27] اسله رلیک گناهم قالمادی [28] دیگه ن واقت گوروب باشلیقی مسخره حالنده، کولوب "تخی اسله ب بولدوم [29] دیمکچی بولامسه ن بلکی سنلرنڭ گناه لرڭ میڭ یللق اسله ش ایله هم توگمه س"! دیدی. اما بزلرنڭ نقدر گناه [30] قیلغانلیقیمزنی خدا بیلور. کامونست اداره سی آستندا سوز

سوزلیمه ك مجلیس آچماق توپلانماق حریتی یوق بونیمس همه گه معلوم • حتی كوز یوموش حریتی هم یوق • من بو احواللرنی اوز باشیم دن كچیردیم • بو كبی حیات ایله 11 آی دن زیاده بر وقت كچیردیمه • بزلرگه وضیفه تگشدیرگه نگه قدر اورتادا كیسه لدن اولگه ن • آتیب اولتوروگه ن ایزسز یوقالغانلر قاچقانلرنیڭ [31]عددی میڭ دن زیاده • بولوپ قالغان آدم عددی 2000 دین آزراق بولوپ چقدی •

اسله مك پشمان و توبه قلماق اوچون یه لگونگه ن تعلم و تربیه مده تی 1950 یلی 2 نجی آینیڭ باشلریندا توگودی • بزلرنی "خلق خزمتی" گه ایشله تمكچی بولدی • آلتی شهر طره فیگه یوتكه دی • آقسونیڭ تخمینا 500 لی ( 250 كیلومیتر) شرقی جنوبی ده یعنی تكلیماكان چولی اورتاسندا بولونغان بر پارچه یشیللق بر جای غه آلیب باردی • بو جای بولسه تاریم دریاسی ( یازوچی یونی تاریم دریاسی دیب یاكلیش یازغان حقیقته كاشغر دریاسیدور • چونكی كاشغر، خوته ن یاركند و باشقه بر مونچه دریالرنیڭ قوشولماسیدن تاریم دریاسی كلیب چیقادور "عیسی یوسوف آلپ تكین ") ایله خوته ن دریاسنیڭ قوشولودورغان بر نوقتاسی بولوپ منا بو جای بزلرنیڭ خلق خزمتی اوته یدیغان رایونمزدن عبارت ایدی • موندن باشقه بزنی آلیب كلیشدن اول هر

بردن مجبوراً 50 میڭ قدر قول ایشچی توپلاپ آلب کلگه ن بو جای بر انسان یاشاغان یرده ك کورونمه دی • بز بارغان زمانلر اۇرتهاز آیلری آیاغلیشب یاز آیلری باشلیغان بر وقت ایدی • آڭلاغانمزغه کوره بو جای بولسه اول‌چه چارواچی خلق‌لر بر مدت توروب اوتوب کته دورغان جای ایکه ن ایمش• دیمك بو یرگه بو قدر خلق عسکر توپلانغاندن سوکره بونلرغه ییمه ك ایچمه ك اوی ماکان یتشتورمك بیوك بر مسئله بولوب چقدی • فقط ایکی آی اونکه ندن سوکره یغاچ ییمه ك ایچمه ك اوزوق و قورلوش اشلریگه لازیم‌لق بولغان تمور توربا (steel tube) قله ی میتاللق ماتیریاللر آلب کلمه گه باشلادی • بزنڭ برنجی قدم ده کی وظیفه مز اوی عمارت یاساماق و شرق شکلیده سیپیل یاساماق دن عبارت ایدی • شهرنڭ قورلوش طرزی یه کین غه اوخشاب کیته دور• یعنی ایچکی شهر تاشقی شهر دب ایکی قسم گه بولونگه ن دن عبارت • ایچکی شهر ده کی اویلر بتونله ی تمور و سیمونتدن یاسالدی و ایکی تیپ آوروپاچه دور • اوندن باشقه عاده تده کی اویلردن هم سالندی • تاشقی شهرده کی اویلرنڭ همه سی یغاچ دن ایشله نگه ن عاده تده کی اویلردن عبارتدور • لکین بو اویلرگه ایشله نگه ن یغاچ ماتیریاللرده اوتقا قارشی مدافعه کوره له یدورغان بر حالده ایشله نگه ن ایکه ن • سوکره بو شهرغه تنجیلق شهری دب اسم بردیلر •

ایچکی شهر سالنیب بولغان دن سونگره شمال دن یعنی آقسو طره فندن کوپ ساندا روس مشاورلری کلدی ۰ هر کونی [32] کلیب تورغانلرنینگ سانی یوزدن توبه ن ایمه س ایدی ۰ لاکین آزغینه بر مدت دن سونگره بونلرنینگ عددی [33] مکسفه چدی ۰ براق ایچکی شهر یاسالب بولغاندن سونگره بز اوچون ایچکی شهرگه کیریش فرستی قالمادی ۰ سونگره بزنی بو اشدن آلب خوته ن دریاسنینگ شمالدن باشلانیب آقسونینگ جنوبندن اوتوب خوته ن گه باراد ورغان تاش یولنی یاساش ایشیگه یوتکه دی یعنی تنجیلق شهرنینگ جنوبی قسمی غه کچیک مقیاسدا بر طیاره میدانی یاسادی ۰ اوندن سونگره هر طره فدن اوچوب کلگه ن نقلیات آیروپلانلری کوپ مقداردا تمور توربا ماکینا خیمیاوی ماتیریاللر توشورب کلشکه باشلادی ۰ شونینگ بله ن برگه روسلرنینگ سانی کوندن کونگه آرتماققه باشلادی ۰ خوته ن دریاسی بر آز ترتیبگه سالنغاندن سونگره کچیک مقیاسدا بر سو ایلیکتریک استانساسی قورولدی ۰ بونینگ ایله تنجیلق شهری یوروب کتدی ۰ بو فقط بر نچی قدم ده ایدی ۰ لکین ایکی شهرنینگ حقیقی قورلوش ایشلری " آغینالر " ( یازوچی آغینالر دیگه ن کلیمه نی بو جایده روسلرغه ایشله تیدور ۰ ) کلگه ندن سونگره [34] غینه ره سمی باشلاندی ۰ بونینگ ایله برگه بیوک مقیاسدا ایلیکتریک زاودی قورولماق اوچون بر هم تعین لاندی دیمک آز غینه بر وقت ایچینده

بو قاقاسلق قوملوق چول جزیره عصری بر شهرگه آیلاندی. بو سیرلق شهرنینگ حقیقی ایچکی یوزینی بز شو ایشقا ایشتراك ائتکه ن آدملر باشدا بتونله ی بیلمگه ن بولساقدا لکین بر مدت اوتکه ن دن سوکره بو حالتلر همه مزگه بو بر آتوم بومباسی اشله ب چقاریلغان زاودنینگ اورنی بولماق احتمالی بار دیگه ن آکلنی بردی. چونکی یوقاردیکی احواللردن باشقه بو شهر ایچینده کی عمارتلر ایگیز-ایگیز چوقاینب پاسالغان ایمش ایدی.[35] شونینگ ده ك عمارتلرنینگ بتون تاشقی یوزی توپا و قوم ره نگی بویاق ایله بویالغان آیروپلانده توروب بو جاینی آسان-آسان پرق[36] ائتکه لی بولماس ایدی. بونینگ اوستیگه "آغینه لر" نینگ بو جایده کی غیری طبیعی سیرلق و هیجانلق حرکتلری بو جاینینگ عادی بر جای ایمه سلیکینی کورسوتور ایدی.

تیبت تنجیلق ایله "آزاد" قلنغاندن سوکره شین جانگ عسکرلری رایونیدن بر پارچه عسکر امیر ایله تیبتگه کیردی. تیبتگه کیرگه ن بو بر فرقه (دویزیه) عسکرنینگ قوماندانی فه ن مین (Fan Min) آتلق بر آدم ایدی. بو عسکرلرنینگ همه سی چینلی عسکرلر بولغانلقدن اورتادا بر موشکولات یعنی تیل بیلمه س[37] مسئله سی کلیپ چقدی. اوزمان عسکری رایوندن ائسیرلر آراسنده تیبت تیلی بیلودورغان آدم بولغان تقدیرده

ترجمانلق اوچون تاللاب[38] چهقیلسون دیگه ن امیر توشدی . من آزموز تبتچه سوز بیلور ایدیم . اونیڭ اوچون ترجمان نامی ایله بو عسکرلرغه قوشولدوم . بونیڭ ایله قوللوق حیاتدن رهسمی قوتولدوم . لکین بونیڭ ایله توپ اوتی نیڭ آغزیغه کلیب قالغان بولدوم . بو فرصت مکنا قاچیش امکاننی توغدوروب بردی . نهایت من یولباسنیڭ آغزیدن قاچیب قوتولدوم . حر دنیاغا آیاغ باسیب کیردیم . تنجیلق شهریده، استالین اوچون خزمت قلیب تورغان نیچه اون مڭلیغان[39] آدملر آراسندن یگنی حیاتقا اولاشقان آدم یالغوزغنه من بولغان بولدوم .

تمام

## NOTES

1. تورغانليقى كلتوروب is a complex verb. The auxiliary تورغانليقى , which denotes continuing action, is nominalized, and has the possessive suffix ى because its subject حاللرنك is in the genitive. This expression is a form of indirect discourse subordinate to آلفا سوردوك .

2. تاجهب جهتتان is a complex verb with the auxiliary indicating direction *away* of the action. The auxiliary gives the grammatical function which is that of a relative participle.

3. اولاراق is borrowed from Turkish and means literally, *as being*. It is commonly used to make adjectives and adverbs of nouns.

4. تورغانليقى is a nominalized past participle used to express indirect discourse and is subordinate to تائهيد قلهب : *proves .... that the Russians .... are constructing*. تائهيد قلهب is a past gerund used as secondary predicate which has its person and tense given in a following finite verb. For another example of indirect discourse, see note 1; 6 below illustrates the use of a verbal noun in this function.

5. ديمك *to say* here is one of the many ways this verb is used idiomtically. This form usually translates *it means, namely, in short*.

6. دوعادا بولوشلرينى is a verbal noun in the accusative case and grammatically the direct object of the finite verb سورايمن . It functions as the verb of the indirect statement: *I ask that you pray .....* Note that قوتولوشيغا another verbal noun but in the dative case, is used in a like manner: *pray that the Turkestan people be rescued ....* or *pray for the rescuing of the Turkestan people .....* .

7. وقتلردە، is in the plural to give the word an abstract or general sense: *at the time or about the time.*

8. چیقیپ کتالادیم is a complex verb in which both elements have a smilar meaning, that of motion away.

9. چیقیپ آلغان is a complex verb in which the auxiliary آلغان suggests action of benefit to the actor.

10. قوشوپ is a past gerund functioning as a secondary predicate, and unlike the past gerunds in notes 8 and 9 above, has no auxiliary, and expresses an action separate from that given by the finite verb, یوتکودی . The person and tense of the secondary predicate is given by the finite verb, and as the action expressed usually is co-ordinate, the word *and* is implied: *they were put together with ..... and transferred .... .*

11. The infinitive form in -maq/ -mäk plus a form of *to be* expresses intention or decision to carry out an action; more commonly -maqçi/ -mäkçi plus *to be* is employed. بیرمك بولوپ is a secondary predicate, and in this case the action precedes, and is subordinate to, that expressed by the finite verb: *it was decided to give ..... and so ....* or *as it was decided to give ..... .*

12. آلیب باردی is a typical complex verb with the auxiliary suggesting direction: *they took them away.* Note that the direct object is left understood.

13. The quotation particle دیب ordinarily implies a direct quotation and is not translated; thus دیب اسم بیریب کلگن literally, *they gave it a name saying* or in other words *they called it ..... .* See 14 below.

14. دیگن is often used in a manner similar to that of دیب ؛ شعار...دیگن دن عبارت ایدی *the slogan ..... consisted of what says ....,* or *the slogan ..... stated ..... .*

15. Many writers of East Turki occasionally employ the regular Turkish future sign -caq (or -çaq) attached to the present gerund: قوللانیلاجاق *will be employed* or *might be employed.*

16. اولتوروب بترمك is a pair of verbs of similar meaning; the first may be taken as an adverb modifying the second *(killing finish)* or as a secondary predicate *(to kill and finish)*. However, a better translation is *to execute*. Note that *to be* with the infinitive is left understood. Compare 17 below.

17. Here again is a pair of verbs of similar meaning. The second verb is complex and has the meaning *to release*.

18. This sentence has ديمك two times; together they simply express *it means that ..... .*

19. توشونوشكه is a verbal noun in the dative used as an infinitive. توشونوشكه is modified by six past gerunds ( يوله ب ... اوزوتوب ... تاشلاب ... تكهب ... آجهب ... اولتوروب ) functioning as secondary predicates and expressing actions simultaneous with that of the main verb but subordinate to it.

20. بره ته *one of these*. The suffix -tä is used to make indefinite numbers.

21. تالغاننى is a past participle in the accusative case to express indirect discourse and is subordinate to كورگه ن which in turn is a relative participle modifying واقت. تالغاننى forms complex verbs with موگود ب and يومولوب and denotes *unexpectedness* or *suddenness*. Note that آجهزلا شهب does not go with تالغاننى but is a secondary predicate giving a subordinate action. This sentence also contains a direct quotation set off by the untranslated particle د ب.

22. اعلان قلهشقه سوزله ب اوتوشكه are a pair of verbs of similar meaning, in the dative case and subordinate to مجبوردور. Together they mean *to recite*. سوزله ب اوتوشكه is a complex verb with the auxiliary implying an action carried out thoroughly or through to completion: *to speak out, to declare*.

23. حالده *in the condition* or *in the manner* is commonly employed to make adverbs of adjectives; thus, عادى حالده *simply*.

24. نقدر plus the negative of third person imperative in -ماسون translates *no matter how much*. Thus, نقدر يمان بر آدم بولماسون *no matter how bad a man might be* and نقدر كوب گناه قلغان بولموسون *no matter how many crimes he may have committed*.

25. A compound made up of two nouns of identical meaning. The case ending is attached only to the second element.

26. اصله ب بولونسه ده is a complex verb with the auxiliary denoting completion of action: *even if one were through thinking*. The Turkish de often replaces mu as the emphatic particle.

27. اصله ,رلیك is an expanded form of the future participle with the abstract suffix, -lik. Here it modifies گناهم *crimes that I have to remember*.

28. دیگه ن is one of three different forms of di- occurring in this sentence to set off direct quotations. دیگه ن is a past participle to modify واقت: *when he stated .... .*

29. دیمکجی بولامسه ن sets off a quotation within the direct quotation closed by the final verb, دیمکجی بولامسه ن . دیدی expresses intention in the present conditional: *if you wish to say .... .*

30. قلغانلیقیمزنی is the verb of an indirect statement subordinate to خدا بیلور. Its subject in the first person plural is given both by the pronoun in the genitive بزنك and by the possessive suffix attached to the past participle.

31. عددی is modified by four past participles which are used as nouns: اولگه ن ··· آتیب اولتورولگه ن ··· یوقالغانلر قاچقانلرنك *the number ... of those who died ... those shot and killed ... those who disappeared and those who escaped.* Note that, although the four are parallel in function, یوقالغانلر has the plural sign and قاچقانلرنك has the plural and the genitive case endings, both of which apply to all four participles. In the compound آتیب اولتورولگه ن the two parts are of similar meaning with the secondary predicate آتیب acting as an adverb modifying the more general expression: lit., *shot and killed* or *killed by shooting*.

32. کلیب تورغانلرنك is a complex verb in the form of a past participle functioning as the subject of the sentence. The auxiliary denotes continuing action.

**33.** مكسفه چدی **is a contraction of the expression** مكسفاچه ايدی ***was up to a thousand.***

**34.** غينه **is an emphatic particle used with adjectives, adverbs, nouns and even verbs. Here it is used with** سوكسره **:** ***only after.*** **In the next sentence** آز غينه**:** ***very little*** **or** ***rather little.***

**35.** ايگيز - ايگيز **is an example of emphatic degree by reduplication:** ***very high.*** **Another example is** آسان-آسان **below:** ***very plainly.***

**36.** پرق ائتكه لی بولماس ايدی **is a complex verb which utilizes the non-temporal gerund in -käli in place of the past gerund:** ***was not possible to distinguish.***

**37. In the expression** تيل بيلمه س مسئله سی **the negative future participle functions as a relative modifier:** ***the problem of not knowing the language.***

**38.** تالاب چيقيلسون ديگه ن **in construction is a typical direct statement but is better translated as an indirect statement:** ***requesting that some one be selected,*** **lit.,** ***which says, let some one be selected.***

**39.** مكليهان **in form a past participle is a collective number:** ***tens of thousands.***

## VOCABULARY

| | |
|---|---|
| یورت | *country* |
| اولوغ | *great* |
| شرقی | *eastern* |
| استلا | *invade* |
| قلب | *heart* |
| مملکت | *country* |
| تکرار | *again* |
| اشغال قیلماق | *occupy* |
| امکان | *possibility* |
| آچتی | *opened* |
| قدر | *up to* |
| دفعه | *time* |
| بوننگ ایله بیرگه | *moreover* |
| بتون | *all* |
| بارلیق | *wealth, property* |
| تورلی | *kind* |

| | |
|---|---|
| جنایت | *crime* |
| خیانت | *treachery* |
| سویقصد | *outrage* |
| باشلاماق | *begin* |
| ایله بیرگه | *together with* |
| دنیا | *world* |
| بیوک | *big* |
| حرب | *war* |
| حاضرلق | *preparation* |
| واقت | *time* |
| حجت | *document* |
| اثبات | *proof, evidence* |
| اعلان قلماق | *announce, declare* |
| همده | *moreover* |
| حاللر | *circumstances* |
| آغیرلق | *hardship* |

| | |
|---|---|
| كلتوروب تورغانليقى | bring |
| برابر | together |
| تحلكه | danger |
| آلغا سورمەك | submit, assert |
| فلاكت | disaster |
| آلدينى آلهش | taking precautionary measures |
| داوەت اءتمەك | invite |
| بولسا | as for |
| تاقيب قلماق | follow |
| خيري خوا | well-wisher |
| خاطر | mind |
| يراق | far |
| رغماء | in spite of |
| ياقين | near |
| آغينه | friend |
| چيقادورغان | published |
| آواز | voice |
| آتلق | named |
| مجموعه | periodical |
| آلماق | receive |

| | |
|---|---|
| سان | number |
| قاچماق | escape |
| مليتچى | nationalist |
| وياكى | or |
| عسكر | soldier |
| دعوا | claim |
| تمور | iron |
| دەليل | proof |
| اولاراق | as being |
| نهر | river |
| باش | head |
| طرەف | side |
| آتوم | atom |
| فابريقا | factory |
| قورماق | construct |
| اولتى | previously |
| خبرلر | news, reports |
| تاءييد قلماق | substantiate |
| جنوبى | south |
| اعتبارا ن | from |

| | |
|---|---|
| چول | desert |
| ایچ | interior |
| ویلایتی | district |
| اوتوموبیل | automobile |
| یول | road |
| یاساماق | build |
| حقیده | concerning |
| بولونماق بایاناتدا | state, declare |
| حقیقت | truth |
| آڭلاش | hearing |
| کوز | eyes |
| کوروش | seeing |
| قول | hand |
| تونوش | seizing |
| اوصول | method, way |
| اوگره نمش | learned |
| دیمك | namely, in short |
| اینی | same |
| توبه نده یکیچه | as below |
| قلماق تقدیم | submit, present |
| اوقوماق | read |
| سوكره | after |
| مظلم | oppressed |
| خلق | people |
| قوتولوش | liberation |
| بولماق دوعادا | pray |
| سوراماق | ask |
| سر | secret |
| کیرمه ك | enter |
| آغریق | sick |
| یاتقان لیق | lying (in bed) |
| یولداش | comrade |
| تاغ | mountain |
| کتمه ك چیقیب | go off |
| پارچه | group |
| بوزولماق | desert |
| اسیر | prisoner |
| اسکی | former |
| حکومت | government |
| اشچی | worker |

| | | | |
|---|---|---|---|
| معارف | education | عبارت بولماق | consist of |
| قوشماق | join, add | دیمك | it means |
| یوتکومك | be transferred | آزات بولماق | liberate |
| تعلم | training | یوتکه لگه ن | transferred |
| تربیه | education | بوش | vacant |
| برمك | give | اوی | house |
| کامپ | camp | آلیب چیقماق | move out |
| یراقلق | distance | اورونلاشتورماق | settle |
| غربی | west | زیاده | more |
| حساب | reckoning | کونلوك | daily |
| اولچه | at first | وظیفه | duty |
| جای | place | مهم | important |
| دختان چیلق | agricultural | قسم | part |
| اسباب | equipment | بوز | waste |
| اشله ب چقارماق | produce | تریماق | plant |
| زاوت | factory | زمان | time |
| اسم | name | اورتاغه آتماق | spread |
| بولسه ده | although there is | شعار | slogan |
| خفیه | secret agent | احتیاج | needs |
| اداره | administration | تعمین قلماق | supply |

| | |
|---|---|
| خاطره | memory |
| بر نوبت | once |
| اوردو | army |
| سیاسی | political |
| رهبر | leader |
| اولکولوك | provincial |
| عضا | member |
| نطق سویله مك | speak |
| سوز | word, speech |
| قوللانیلاجاق | which will be used |
| چاره | measure, means |
| اکثریت | majority |
| اعتباری | theoretically |
| توبندیکی | below |
| پرنسیف | principle |
| سرت | outside |
| اولتوروب یترمك | condemn to death |
| ینه بری | the other one |
| قویوب بریمك | release |
| اشله تمك | employ |
| اولتورورش | execution |
| اوصول | method |
| مسئله | problem |
| حل قلماق | solve |
| شونگده ك | like that |
| یانا | again |
| عکسل حرکت | counter-action |
| طرف | side |
| اوتمك | pass over |
| قورال | arms |
| کوتورمك | carry |
| سوقوش | war |
| طبیعی | natural |
| یعنی | that is |
| دوشمن | enemy |
| عفو قلماق | pardon |
| ظلم قلماق | torture |
| البته | of course |
| حاضرقی | present |
| کوچ | strength |

| | |
|---|---|
| حیات | *life* |
| تعمین ائتدورمك | *make secure* |
| تعلم و تربیه | *education and training* |
| مفکوره | *ideology* |
| توز ، تمك | *correct* |
| کبی | *like* |
| جمله | *phrase* |
| قولاق | *ear* |
| بك | *very* |
| چیرایلق | *beautiful* |
| آکـلانماق | *be heard* |
| لکین | *but* |
| کچرمك | *pass, spend* |
| انسان | *human being* |
| تحمل قیلماق | *endure* |
| ساعت لیك | *hour* |
| اوقو | *study* |
| باشقا | *besides* |
| توبه | *confession* |
| اوتکوزوش | *spend, pass* |

| | |
|---|---|
| مجبور | *obliged* |
| یاتاق | *bed* |
| اوستونده | *on* |
| وجود | *body* |
| تام | *wall* |
| یوله مك | *lean on* |
| یوت | *leg* |
| اوزوتمك | *extend* |
| یان | *side* |
| تاشلاماق | *throw* |
| اوتورغه تکمك | *stare out* |
| یوغان | *huge* |
| جیم جیت | *dead quite* |
| اولتورماق | *sit* |
| توشونمك | *meditate, think* |
| بولونماق | *to be, exist* |
| یالغوزغنه | *only* |
| بر نیچه | *a few* |
| نفر | *individual* |
| آزاتلق | *freedom* |

| | |
|---|---|
| اوچا | shoulder |
| ملتیق | gun |
| آسدیغی حالده | hanging |
| آلدی آرتاسیقا | back and forth |
| یورومك | walk |
| گوزه تمك | watch |
| اگر | if |
| اورتادا | in the middle |
| بره ته | one of them |
| روح | spirit |
| آجیزلاشماق | weaken |
| موگود یمك | doze off |
| یومولماق | close |
| یردن | suddenly |
| قاتتیق | loud, severe |
| دقته ت | care |
| گناه | crime, sin |
| واقراماق | shout |
| هوررونلوق قلماق | loaf |
| دشنام قیلماق | scold |

| | |
|---|---|
| آگاهلاندورماق | caution |
| تکرارلانماق | be repeated |
| رعایه قلماق | consideration |
| اورماق | beat |
| گونکی | day's |
| توشونجه | thought |
| پشمان | remorse |
| نتیجه | result |
| گوروب | group |
| مجلیس | meeting |
| اعلان قلماق | announce |
| سوزله ب اوتوش | recitation |
| قیسقه راق | rather briefly |
| یازیلماق | be written |
| عادی حالده | simply |
| تقدرده | in case |
| راست | truth |
| سوکمك | swear, abuse |
| براق | however |
| نقدر | how much |

| | |
|---|---|
| یمان | *bad* |
| اسله مك | *think, recall* |
| آیاغلاشماق | *come to end* |
| لازیم | *necessary* |
| بیانات | *report* |
| اثناسنده | *in the course of* |
| امدی | *now* |
| حقیقتا | *in truth* |
| تالماماق | *not to have* |
| باشلیق | *head, chief* |
| مسخیره حالنده | *mockingly* |
| کولمك | *smile* |
| تخی | *even* |
| بلکی | *perhaps, probably* |
| مینگ | *thousand* |
| ییللق | *years* |
| توگومك | *complete, finish* |
| اما | *but* |
| خدا | *God* |
| بیلمك | *know* |

| | |
|---|---|
| اداره | *administration* |
| توپلانماق | *gather* |
| حریت | *freedom* |
| همه | *all* |
| معلوم | *known* |
| حتی | *even* |
| یوموش | *closing (eyes)* |
| احواللر | *conditions* |
| اوز باشیم | *I myself* |
| کچیرمك | *experience* |
| آی | *month* |
| زیاده | *more* |
| وضیفه | *duty* |
| تگشدیرتمك | *have changed* |
| اورتادا | *during the period* |
| کیسه ل | *sickness* |
| اولمك | *die* |
| آتماق | *shoot, throw* |
| اولتورمك | *kill* |
| ایزسز | *traceless* |

| | | | |
|---|---|---|---|
| يوقالماق | *vanish* | يازوچى | *writer* |
| قاچماق | *escape* | ياڭلش | *error* |
| عدد | *number* | يازماق | *write* |
| آزراق | *less* | قوشولماق | *join* |
| اسله مك | *thinking* | نوقتا | *point* |
| پشمان | *remorse* | منا | *here, thus* |
| توبه قلماق | *repent* | رايون | *district* |
| بلگوله نمك | *be designated* | مجبورا | *by force* |
| مدت | *period (of time)* | قدر | *approximately* |
| باشلر | *beginning* | قول | *slave* |
| توگومك | *end* | آلب كلگه ن | *brought* |
| خزمت | *service* | ياشاماق | *live* |
| طرف | *direction, side* | كورونمك | *seem* |
| يوتكه مك | *take, conduct* | بارماق | *go away* |
| تخمينا | *approximately* | اۉرتياز | *spring* |
| پارچه | *part* | آياغلشماق | *end* |
| يشللق | *green* | آڭلاماق | *hear* |
| جاى | *place* | كوره | *according to* |
| آلهب بارماق | *take away* | اولچه | *formerly* |
| دريا | *river* | چارواچى | *herder* |

| | |
|---|---|
| مدت | *period* |
| تورماق | *stay, live* |
| اوتوب كتمك | *move on* |
| ديمك | *it means* |
| بو قدر | *this much* |
| ييمه ك ايچمه ك | *food and drink* |
| اوی ماكان | *housing* |
| يتشتورمك | *supply* |
| بولوب چقماق | *come up, result* |
| فقط | *but* |
| اوتمك | *pass* |
| يغاج | *wood* |
| اوزوق | *food provisions* |
| قورلوش | *constructions* |
| تمور | *iron* |
| توربا | *pipe* |
| قله ی | *tin* |
| ميتاللق | *metal* |
| ماتيريال | *material* |
| آلب كلمه ك | *bring* |

| | |
|---|---|
| برنجی قدم ده كی | *earliest* |
| عمارت | *building* |
| ياساماق | *build* |
| شرق شكلده | *in the oriental style* |
| سيهل | *city wall* |
| شهر | *city* |
| طرز | *plan* |
| په كين | *Pekin* |
| اوخشاماق | *resemble* |
| يعنی | *that is* |
| ايچكی | *inner* |
| تاشقی | *outer* |
| قسم | *part* |
| بولونمه ك | *be divided* |
| عبارت | *consist of* |
| بتونله ی | *entirely* |
| سيموت | *cement* |
| قبت | *story* |
| آوروپاچه | *in the European manner* |
| عاده تده كی | *in the customary manner* |

| | |
|---|---|
| اوت | *fire* |
| مدافعه | *defense* |
| گوره له یدورغان | *provide* |
| حالده | *in a way* |
| تنجلق | *peace* |
| اسم | *name* |
| سالنماق | *be built* |
| شمال | *north* |
| سان | *number* |
| مشاور | *adviser* |
| توبه ن | *below* |
| لاکین | *but* |
| آزغینه | *a little* |
| عدید | *number* |
| مکّنغه چدی (مکّنغه چه ایدی) | *came to a thousand* |
| فرصت | *opportunity* |
| جنوب | *south* |
| اوتمك | *pass* |
| تاش | *stone, paved* |

| | |
|---|---|
| یوتکه مك | *conduct* |
| کچیك | *small* |
| مقیاس | *size* |
| طیاره | *airplane* |
| میدان | *field, place* |
| نقلیات | *transportation* |
| آیروپلان | *airplane* |
| مقدار | *quantity* |
| ماکینا | *machine* |
| خیمیاوی | *chemical* |
| توشوماق | *transport* |
| آرتماق | *increase* |
| ترتیب گه سالنماق | *be disciplined* |
| سو ایلیکتریك | *hydroelectric* |
| استانسا | *station, plant* |
| تورماق | *build* |
| یوروماق | *illuminate* |
| قدم | *step* |
| حقیقی | *true* |
| آغینا | *friend, comrade* |

| | |
|---|---|
| کلیمه | *term, phrase* |
| ایشله تمك | *apply* |
| ره سمی | *official* |
| زاود | *plant, factory* |
| تعینلانماق | *designate* |
| دیمك | *consequently* |
| تاقاسلق | *desolate* |
| قوملوق | *sandy* |
| چول | *desert* |
| جزیره | *desert* |
| عصری | *modern* |
| آیلانماق | *be transformed* |
| سیرلق | *secret* |
| ایچکی یوز | *reality* |
| ایشتراك ائتمك | *participate* |
| باشدا | *at first* |
| مدت | *period of time* |
| حالتلر | *circumstances* |
| اشله پ چقارماق | *produce* |
| اورون | *place, site* |

| | |
|---|---|
| احتمالی | *possible* |
| آڭ | *feeling* |
| یوقاردیکی | *above* |
| احواللر | *circumstances* |
| عمارت | *building* |
| ایگیز - ایگیز | *very high* |
| چوقایتماق | *tower* |
| یوز | *surface* |
| توپا | *earth, soil* |
| قوم | *sand* |
| ره ڭ | *color* |
| بویاق | *paint* |
| بویالماق | *be painted* |
| آسان - آسان | *very plainly* |
| پرق ائتمك | *distinguish* |
| اوستیگه | *on top of* |
| غیری طبیعی | *unnaturally* |
| هیجانلق | *excited* |
| حرکت | *activity* |
| عادی | *ordinary* |

| | |
|---|---|
| کورسوتمك | *show* |
| تیبت | *Tibet* |
| آزاد قلنماق | *liberate* |
| رایون | *district* |
| پارچه | *group, unit* |
| امیر | *order* |
| کیرمك | *enter* |
| فرقه | *division* |
| دویزیه | *division* |
| قوماندان | *commandant* |
| آتلق | *named, by name* |
| چینلی | *Chinese* |
| موشکولات | *difficulty* |
| تقدیرده | *in case* |
| ترجمانلق | *interpreting* |
| تاللاپ چیقماق | *select* |
| امیر توشورمك | *issue order* |
| آزموز ( آزموآز ) | *a little* |
| نام | *title* |
| قوشولماق | *join* |
| قوللوق | *slave* |
| حیات | *life* |
| توپ | *cannon* |
| اوت | *fire* |
| آغیز | *mouth* |
| امکان | *possibility* |
| توغدورماق | *give birth to* |
| نهایت | *finally* |
| یولباس | *tiger* |
| حر | *free* |
| آیاغ باسماق | *step* |
| استالین | *Stalin* |
| خزمت قلماق | *serve* |
| نیچه | *several* |
| مڭلیغان | *thousands* |
| یڭی | *new* |
| اولاشماق | *join* |
| تمام | *complete, end* |

## SELECTION 2

### TEXT

### شرقی تورکستاندا کومونیست امپریالیزمی نیڭ جنایتلری

1933 - 42 آراسیدا روس کومونیزمی نیڭ وحشیجه ظلملری آستیده شرقی تورکستان اهالیسیدین یوز میڭ کشی تورلوک تیپلر بیله اولتورولگن ایدی. و ینه چین مظالمیغه قارشی اهالی نیڭ ارکینلیك اوچون قیلغان ملی انقلابینی باستورماق مقصدی بیله روسلرنیڭ کیرگوزگن اوچ فرقه عسکری 80 000 قدر اهالینی اولتوروب بو انقلابنی باستورغان ایدی. بوگا علاوه اوچاغداکی کومونیست اداره چیلری بوتون تجارتنی و اقتصادی ایشلرنی ماناپولی قیلیب و خلق سرمایه لرینی مصادره قیلیب آلغانلیقدین بیچاره اهالی هیچ تاریخده کورولمگن درجه ده فقیرلیققه توشکن ایدی.

1949 سپتمبرده شرقی تورکستان چین کومونیستلری نیڭ استیلاسی آستیغه توشتی. او کوندین اعتبارًا بو یورت اهالیسی روس و انیڭ قویروقی بولغان چین کومونیستلری مشترك اداره سی نیڭ قانلیغ ظلملری آستیدا الله دهشتلیگ حیات دوره سینی کچورمکده دورلر.

شرقی تورکستان و هندستان اراسیده، 700 میل انسان یاشامایدورغان تاغ سلسله لریدین عبارت بولغان طبیعی توسالغونیڭ اوستیگه کومونیزم نیڭ تیمور پرده سی باردور. بوسیبدین یورتیمیزدا بولوب تورغان مدهش حادثه لردین خبر آلماتیمیز فوق العاده مشکلدور. شونداغ بولماق بیله برابر بیزنیڭ آلغان خبرلریمیز تیمور پرده آرقاسیده‌کی دهشتلردین دنیاغه عبرت[1] بولارلیق نمونه لر کورساتالایدور. [2] امید قیلامیزکه بوخبرلر کومونیست پروپاگنده، چیلری نیڭ بیز عاجز ملتلرنیڭ آزاد بولوشیغه یاردم قیلامیز دیب واقیراشلری نیڭ فقط و فقط دنیا ملتلری نیڭ آلدیدا کومونیست امپریالیزمی نیڭ حقیقی یوزینی یاپماق اوچون قوللانغان بیر اویاتسیز پرده دین باشقه بیرنرسه ایمسلیکینی اثباتلاشقه کفایه قیلور. خبرلرنیڭ خلاصه سی شودور:

## قورقوتوش حرکتلری

شرقی تورکستان اهالیسینی قورقوتماق بیله باش اگدورمک اوچون کومونیستلرنیڭ قوللا نماقدا بولغان اصوللری شولردور:

1 - اولقی حکومت وقتیده، حکومت خذمتی[3] قیلغانلرنی ملی سیاستگه قوشولغانلرنی کومونیزمغه صداقتسیزلیک بیله شبهه لنگلرنی روس و چین ظلملریغه ناراضیلیق کورستکن بیرلیگ کومونیستلرنی

هيچ قالدورماسدين قالمايدور. بو 21 آيلىق كومونيست استيلاسى دوريده، [4] قامالغانلارنيڭ اورومچى راديوسيده اعلان قيلينغان سانى 27,175 كيشيدور. بوقامالغانلارنيڭ ايچيده، ملتچيلر ليدرلريدين سابيق عمومى والى 72 ياشليق مسعود افندى، سابق كاشغر واليسى 83 ياشليق عبدالكريم خان و سابق آقسو واليسى 65 ياشليق سيد احمد خوجادك قرى كيشيلر كوپدور.

2- كومونيستلر خلقنى قورقوتماق اوچون ميدانلرده، آچيق سوراغ دييلگن اصول بيله آدم اولتورمكده دور. بو آچيق سوراغ نيڭ ماهيتى شودور: كومونيستلر خلقنى بيرميدانغه توپلايدور و اولتورمك ايستگن كيشيلرنى شو ميدانغه نهايت هيبت بيله آليب كيلادور، سوراغچى آتى بريلگن بير كومونيست اوتراغه چيقيب او كيشيلرنيڭ گناهلرينى اعلان قيلادور، هر كيشى اوچون اعلان قيليناد ورغان گناهلر شو سوزلردين عبارتدور "امريكا ويا انگليزگه جاسوسلوق قيلدى، آدم اولتوردى، خاتونلرنيڭ ناموسيغه تگدى، خلقنى بولادى، داهيميز ماوزى دوڭغه حرمت قيلمدى، دوستيميز ساويتلرگه دشمنليك قيلدى، حكومت نيڭ سياستيگه قارشيليق قيلدى". بو اعلاندين كيين اولومگه حكوم قيلادور و شوزمان خلق نيڭ آلديدا اولتورولادور. نه محكوملرنيڭ و نه حاضر بولغان خلق نيڭ سوز قيليش حقى يوقدور. بو شكلده،

اولتورولگنلرنیڭ سانی 505 کشی بولوب بولرنیڭ آراسیدا سابق مالیه ناظری جانیم خان، ملی انقلابچیلر باشلیغی عثمان باتور دیگن عالملردین واصل قاضی و داود قاضیلر باردور.

کومونیست پارتیسی نیڭ ایکنچی سکرتیری شولیجیڭ 4/29 ده بیرگن بیاناتیده، کومونیزمغه قارشی تشکیلاتلرنیڭ لیدرلریدین توتولغان ویا اولتورولگنلر 93 کشی دور دیب اعلان قیلدی.

3- یوقاریقی شکلده، میدانلرده آدم اولتوروش اوچون ناحیه حاکملریغه حقوق بریلمکده ور. یعنی ناحیه لرده، حاکم و پارتی باشلیغی بیر کشینی اولتورمك ایسته سه اوروچی حکومتیدین ویا یوکسك عدلیه محکمه سیدین سورماسدین اولتوراادور. بو کبی حادثه لر کونده لیك عادی واقعه لر بولوب اوروچی رادیوسیده اعلان قیلینماقداادور.

4- قورقوتوش نیڭ ینه بیر اصولی مجبوری ایش کامپلریغه سورمکدور. 5)توبه اظهار قیلیب کومونیست حکومتیگه تسلیم بولغانلرنی و اقتصادی جهتدین اورتا درجه ده حسابلنغانلرنی مدتسیز مجبوری ایش کامپلریغه = کومونیستلرنیڭ تعبیریچه توبیه اورونلریغه = سورمکده دورلر.

## دینی قیستاشلار

1- مهم جاملر و دینی مدرسه لرنی تورلوك بهانه لر بیله مصادره قیلدی • دینی مؤسسه لرنینگ وقفلرینی مصادره قیلیب چیندین کلگن کوچمنلرگه بردی •

2- دینی وعظ قیلادورغان عالملرنی امریکا امپریالیستلری اوچون تشویقات قیلدی دیگن یالغان تهمت بیله قامادی ویا ایش کاهیلریغه سوردی •

3- دینی درسلرنی تاماما یوق قیلیب اورنیغه مارکسیزم تعلیماتینی مجبوری درس قیلدی •

4- دین عالملرینی کومونیزم منفعتی و حکومت سیاستی حقیده تشویقات قیلیشقه مجبور قیلیب اولر بیله خلق آراسینی بوزماقته کیریشمکده دور •

## چیندین کوچمن کلتورروش

یوریلدین بری چیندین شرقی تورکستانغه حسابسیز کوچمن کلتورولمکده دور • بوکوچمنلرگه " خلق عسکرلری نینگ عایله لری " دیب آت برمکده دور • کومونیست حکومتی بو کوچمنلرنی یورتنینگ هر شهر و تمام قیشلاقلریده تارقاتیب خلق نینگ اویلریده ،

مكتبلرده و مسجدلرده زور بيله يرلشتورمكده دور. بو كوچمنلرنينگ حياتيني تأمين قيلماق اوچون ديني وقف يرلرني و خلق نينگ ير و چارپاي ماللريني مجبوري تارتيپ آليپ بريلمكده دور. حاضرغه چه كلگن كوچمنلرنينگ كوپليكيني تخمين قيلماق اوروميچي راديوسي نينگ " يوز اويلوك آدمي[6] بار بير قيشلاقدا اوتوز اويلوك عسكر عايله سي يرلشتورولدي " ديگن بير خبري دين ممكن بولادور.

چيندين شرقي توركستانغه كوچمن كلتوروش سياستيني شرقي توركستان ملتي[7] اولتورگوچي بسمير سياست[8] ديب تونويدور. چونكه بوندين چين نينگ مقصدي شرقي توركستاندا يوزده توقسان بش نسبتيده كي تورك اكثريتگه قارشي بير چينليغ اكثريتي يراتماق و بويول بيله تورك ملتي نينگ حقليغ استقلال حركتيني ابدي يوق اتمكدور. شونيمو اسلتمك لازمدوركه آلغان خبرلريميزگه كوره بو كوچمنلر تماماً قوراللیغ بولوب خلققه قارشي مدهش بير كوچ ماهيتيده دور.

## اقتصادي سياست

1 - 1950 فبرايرده امضالانغان موسكو معاهده سي بويينچه روسلر شرقي توركستان نينگ تجارتي اوستيده مطلق بير حاكميت قزانغان بولدي. حاضرقي تجارت شكلي شودور: پاختا، يونگ، تيره،

حیوانات و آشلیق باشده بولوب 170 تورلوک خام مالنی تماماً روس تجارت آوانس لری ساتیب آلماقدادور • بو مالارنینگ بهاسینی هرکونی اعلان قیلینادور و روسلرنینگ پیشیغ مالاری نینگ بهاسی مو اعلان قیلینیب تورادور • بو هر ایکی بهانی [9] بلگولش روس تجارت اداره سی طرفیدین بولادور • روسلرنینگ پیشیغ مالارینی قیشلاقلرگه آلیب باریب دهقان چارواچی و هنرمندلرنینگ خام مالاریغه تگیشیلادور • بو تگیشیش نینگ طریقه سی آوآنس آدملری نینگ کیفلریچه بولوب ساتقوچی نینگ اوزی خواهلاغان مالنی آلیشقه اختیاری یوقدور • کیملیک چای و ضرور سایمانلر آلماق [10] ایستگنلرگه بالا اویونچوقلری و رسم دک کرکسیز نرسه لرنی بیره دور •

2- برلیک تجارتچیلرنی تجارت حقوقیدین تماماً محروم قیلدی • بونینگ اوستیگه [11] اولرنینگ بار سرمایه لریگه هر اوچ آیدا بیر قتم سرمایه باجی آلیب اولرنینگ سرمایه لرینی حکومت تارتیب آلماقدادور •

3 - ینه موسکو معاهده سی بویینچه شرقی توركستان نینگ بوتون بریاغی و قیمتلیک کانلرینی آچیش حقی روس حاکمیتی آستیغه توشتی • آلغان خبرلریمیزگه کوره شرقی توركستان نینگ شمال قسمیده ایکی یرده کی یورانیوم کانلرینی • ایکی یرده کی

وولفرام و بىر يرده‌كى برباغى كانلرىنى روسلر ايشلتمگگه باشلادى . اورومچى نىڭ ياتىنيدا بىر آتوم فابريكاسى قورولوبدور . اويرده‌كى آتوم ايشلرىنى بولغه قويماق اوچون اوتكن ييل لوندوندىن قاچقان آتوم عالمى بريتو پونتكورفو اورومچى‌گه كلدى .

4 - كومونيست حكومتى دهقانلرنىڭ آشليقلرىنى حكومتكه آلماق اوچون نهايت فجيع منظره‌ليك بير يول توتماقدادور . جنرال يولبارس بگ ايتقانيغه كوره كومونيستلر شرقى توركستانغه[12] كلور كلمس دهقانلرنىڭ اوچ ييللىق آشليقلرىنى قرض نامى آستيدا مجبورا آلدى . 1950 نجى ييلى دهقانلرنىڭ خرمانلرىنى حكومت كشيلرى نىڭ نظارتى آستيدا آلدى و آشليق نىڭ اوچده ايكيسى نى آشليق باجى نامى بيله حكومتگه آلدى . كومونيستلرنىڭ بو ظالمانه سياستيگه قارشى دهقانلر هر يرده قوزغالدى . كومونيستلر بو قوزغالاگىلرنى عسكر كوچى بيله باستورماقدا و يوزلرچه دهقاننى خلق آلديدا اولوم بيله جزالاندورماقدا و مجبورى ايش كاملريغه سورمكده‌دور . بو مجادله تورلوك شكللر بيله بوگونگه‌چه دوام اتمكده‌دور . بو آشليقلر توركستانده‌كى 2 00 000 قدر روس و چين عسكرلرىنى و كوچمنلرنى باقماقته صرف اتيلمكده و آشقانينى روسيه‌گه چيقاريلماقدادور .

5 - مجبوری ایش کاملری ــ کانلر، یوللر، اوچقوچ میدانلری، انهزلیقلر، اوستکلر و چمن کوچمنلری اوچون آچیلادورغان یوز بولوردین عبارت بولوپ بو آغیر ایشلرده، یاش آدملر[13] یتشمگن لیکدین خاتونلر قری آدملر و کیچیک بالالرمو ایشله تیلمکده دور .

6 - 1950 ده، اوچ قتیم قرض کاغذی زایوم تارتاتیپ خلقدین 1 00 000 000 دین آرتوق تورکستان دوللاری آلدی . امریکاغه قارشی کوریاغه یاردم شماری آستیدا خلقدین تورت قتیم پول توپلادی، تورتنچیسیده، یالغوز اورومچی شهریدین 20 اوچقوچ 30 تانك و کوپ زمبیرك نینك قیمتینی توپلاغانلیقنی رادیودا اعلان قیلدی و حالا دوام اتمکده دور .

7 - کومونیستلرنینك آلماقدا بولغان باجلری نینك آغیرلیقینی یولبارس یگ شوندغ آڭلاتادور: یوز قویی بار کشیدین بیر ییلدا آلینغان اوچ قتیم باج شو صورتده، آلیندی ــ بیرنچی قتیمدا 35، ایکنچی قتیمدا 20 اوچونچی قتیمدا 15 قوی آلدی . اورومچی رادیوسی مو بوخبرنی تصدیقلادی .

## باشقا ظلملر

شرقی تورکستان اهالیسی بیر شهردین ینه بیر شهرگه

[14]پارماقچی بولسه مطلق عسکری اداره دین اجازت کاغذی آلماققه
مجبوردور . سیاست حقیده سوز قیلیش الله آغیر گناهدور ،
مثلاً کوریا سوتوشی حقیده سوز قیلغان بیر نچه کشینی
اولوم بیله جزالاندورولدی . غزته تاماً[15] حکومت نینگ کی بولوب
خلقده یازیش حقی قطعیاً یوقدور .

## عسکر

شرقی توركستاندا توبنده کی تورت تورلوك عسكر باردور:

1 - بیر موتورلوغ روس بولوب 9 نچی فرقه آتالماقدادور ، قوماندا مرکزی ایلیدادور . بوعسکرلر ایلی ، چوچك ، آلتای ، اورومچی ، قومول و کوچادا توراددور .

2 - 5 نچی قول اوردو نامیدا بیر تورلوك عسكر باردورکه بو عسكرنینگ نفرلری غربی توركستان و ایلی یاشلریدین بولوب ضابطلری روسدور ، باشقوماندانی روداتوف آتلیغ بیر روس دور . بو قول اوردونی رسماً یرلیگ عسکر آتایدورلر لاکین قوماندا سی و تأميناتی توپ توغرا[16] روسیه گه باغلیق بولغانلیقدین روس عسکری حسابلانادور . بوقول اوردونینگ بیر قسمی شمال ولایتلرده و کوپراق قسمی جنوب ولایتلرده توراددور .

3 - بیرنجی توشون نامیده کی چین کومونیست عسکری بولوب ایکی تول اوردودین مرکبدور . بوعسکرنیڭ مرکزی اورومچیده دور، باشقوماندانی واڭ جین‌دور .

4 - اسکی گومینداڭ نیڭ کومونیستلرگه تسلیم بولغان عسکری بولوب اوچ تول اوردودین مرکبدور، مرکزی اورومچیده بولوب کوپراق قسمی جنوب ولایتلرده توراددور . بو همه عسکرنیڭ سانی 200 000 تخمین تیلینماقدادور .

شرقی تورکستان اولکه لیك حکومت اوستیده روس و چین کونترولی

اولکه لیك حکومت نیڭ رسمی رئیسی بورهان[17] بولسه مو انیڭ هیچ بیر حقوقی یوقدور . اداره ماشیناسی بیرنجی درجه ده اورومچیده کی روس کونسولی بامینوف نیڭ و ایکنجی درجه ده تورکستان ده کی چین کومونیست پارتیسی نیڭ باشکاتبی و هم عسکری باشقوماندانی واڭ چین نیڭ قولیدادور، بورهان[18] بولسه شولرنیڭ بویروغی بوییچه ایش تیلادور . ملکی و عسکری مجلسلرده مطلق بامینوف بولادور . ینه بیر طرفدین ملکی، عسکری، مالی و پولیس اداره لریده روس مشاورلری ویاکه غربی تورکستان کومونیستلریدین اداره باشلیغی ویا معاونی بولادور .

چین کونترولی بولسه کومونیست پارتی اورگانلری عسکر ضابطلری و باشقا چمنلیغ ماٴمورلرنینگ برلیگ والی حاکم و پولیس مأمورلرینی [19] قوماندا اتمکدین عبارتدور . اولرنینگ بویروغی بوبینچه ایش قیلمغان برلیگ مأمورنی توتور انقلابچی لیق بیله عیبلانیب جزا بریلادور .

## خلق نینگ کومونیستلرگه قارشیلیغی

بو حقده ، یالغوز کومونیستلرنینگ اوز اقرارلرینی غینه یازامیز:

یاخشیلانسا اونك محصولات اشلرینی کلگوسیده · البته ترقی
اتدورمك مطلوبدور · کلگوسیده کی سناعتنی [11] ترقی ایتدیرمك اونك

محصول چاروا محصولات صناعتینی اوسدوروش اولکه مز بایلیغینی یوقوری کوتوروش اشلریدن عبارتدور . شکنجاکنک حاضرقی چاروا صناعت اشلریده کالا قویلرنی اشلنشدن باشقا اونک سوت گوشلری استعمال قلنیدو . قوی یوکلری آز ساندا گیلهم و باشقا[12] نرسه لرگه اشلنشدن باشقا آشقان یوکلر تیره لر صناعتکه آز اشلیتیلیدو . بو خام مال اشیالرنی داخلغا[13] که لتوروب مال آلماشماق لازم چونکی[14] موندا ق بولمیغاندا بو نرسهلر دوولونوب یوزولوب کیره کسز بر نرسیگه ایلانیدو . بو خیل چاروا محصولاتی خام ماللری اگر مال اشله نمسه اونک قمتی البته یوقاری بولار . بو شلک جالک جغرافیا اطلاسیدن کوچورولدی .

## NOTES

1. ککْری اولغانی قدر lit., *as extensive as they are* or *they are extensive and .... .*

2. بای کمبغه للیکنی آیرشادورلر is the principal clause of the sentence: *they distinguish wealth and poverty.* بای کمبغه للیك is a typical collective noun made up of parts of similar, or antithetical, meaning: *wealth-poverty* or *level of livelihood;* note that the collective suffix -lik and case ending go only on the final element. The main verb is modified by the expanded past participle in the form of a noun in the nominative case with the post-position bilän *by* or *by means of;* the entire participial phrase is equivalent to a clause of means. The construction اولاردا ··· بولغانلقی بله ن *by their having* expresses possession. Thus, اولاردا ··· مکـلاب بوزله ب و اونلاب بولغانلقی بله ن *by the thousands, hundreds, tens of .... that they possess.* The numerals are made indefinite by means of the suffix -lab.

3. چوك ــ کچیك is a collective noun, lit., *big-little* but usually signifying *size* or *amount.* Here it is an adjective modifying the noun اوزگوروشله ر (note absence of the possessive suffix): *quantitative changes.*

4. اولوب کیتش is a verbal noun modifying the noun اشلریمو which is the subject of the finite verb بولوب تورودور lit., *the dying matters occur* or better *there are times when they die .... .* The auxiliary kel- suggests the thoroughness or completeness of the action.

5. کوچ چقارماغاندا *when they did not expend their efforts* but here *if they did not .... .* تیخیمو چوك is a type of comparative: *still greater.*

6. دهقانچیلق قلغوچیلەر کالا آرتلی *(the number of) those engaged in agriculture based on cattle .... .*

7. بولماسدن is a future participle used in place of the usual past participle in the ablative case to express *cause*; often this form translates *despite*. Thus, اوقدر آق سوزوك بولماسدن *because these are not pure white*. The future participle describes a permanent characteristic of the thing described.

8. بولرنك اوتموشدەکی ئیکسپورت بهاسی *the export value of these in the past or the value of these exported in the past.*

9. عموماً آلغاندا *when taken in general* or simply *generally*.

10. دقت اینلسه ... یاخشیلانسا are coordinate verbs in the present conditional and subordinate to the infinitive complement ترقی اندورمك of the main verb مطلوبدور : lit., *if attention is paid to .... and if .... is improved, it is desired to expand .... .* It is better to render the conditional verbs in the form of a noun clause of means as an adverbial complement of the infinitive: *it is desirable to expand .... by paying attention to .... and by improving ... .*

11. The infinitive ترقی ایندورمك is the subject of the sentence; the main verb عبارتدور has a noun complement اشلریدن which is modified by two verbal nouns اوسدوروش and کوتوروش یوقوری : *expanding .... consists of work .... to increase .... and to develop .... .*

12. باشقا ترسەلرگە اشلنشدن باشقا *apart from the .... processed into .... and other things .... .* The first başqa is an adjective, the second a post-position.

13. کەلتوروب is a secondary predicate and takes its tense and person from مال آلماشاق لازم *it is necessary to bring .... and exchange it for goods.*

14. موندا ق بولمیغاندا lit., *when such does not take place* or *unless this takes place.*

## VOCABULARY

| | |
|---|---|
| چارواچیلق | *livestock raising* |
| میدان | *space, area* |
| کگشری | *wide-spread; much* |
| محصولات | *products* |
| بویبچه | *relative to* |
| معمور | *flourishing, developed* |
| شمال | *north* |
| قش | *winter* |
| اوزون | *long* |
| یایلاق | *summer pasture* |
| طبیعی | *natural* |
| منظره | *view, spectacle; terrain* |
| اشغال قلماق | *occupy* |
| طبیعت | *natural conditions* |
| ترقی اندورمه ك | *allow development* |
| فوق العاده | *extraordinary* |
| شرائط | *conditions* |
| توغدورماق | *give rise to, cause* |
| انعکاس | *reflection, reaction* |
| حیات | *live, livelihood* |
| چاره | *means* |
| یوکله نمه ك | *load on, depend on* |
| کییم | *clothing* |
| تیره | *hide, leather* |
| یونك | *wool* |
| ییمه ك | *food* |
| خیل | *kind, sort* |
| ئه ت | *meat* |
| سوت | *milk* |
| اولتوراق | *domestic* |

| | |
|---|---|
| اشیا | *things, objects* |
| قارا اوی | *felt tent* |
| توگه | *camel* |
| خاچر | *mule* |
| ایشه ك | *donkey* |
| قاتارلق | *and the like, etc.* |
| شیئی | *thing* |
| وادی | *valley* |
| کونگه ی | *south* |
| تیرسکه ی | *west* |
| یوتا | *foothills* |
| حسابلانماق | *be considered* |
| ایته ك | *slope; skirt* |
| دهقانچیلق | *agriculture* |
| تاپماق | *find, consider* |
| رایون | *rayon, district* |
| حیوان | *animal* |
| چنانچه | *mainly* |
| اچکو | *goat* |
| کوپچولك | *majority* |

| | |
|---|---|
| کالا | *cattle* |
| ترکیب ایتمه ك | *combine, include* |
| مختلف | *various* |
| اینقسا | *especially, particularly* |
| اوستورولمه ك | *be raised, produced* |
| آسراماق | *raise, produce* |
| مال | *cattle, goods* |
| اولچیمه ك | *measure* |
| کمبه غه للیك | *poverty* |
| آیریشماق | *distinguish* |
| نسبتاً | *in comparison with, relatively* |
| چه کله نمه ك | *be encircled, surrounded* |
| فصل | *season* |
| قار | *snow* |
| سیزیق | *line* |
| خاس | *special, proper* |
| ایرمه ك | *melt* |
| تو به نکی | *below* |
| زراعت | *agriculture* |
| مساعد | *suitable, favorable* |

| | |
|---|---|
| آيلنماق | turn, transform |
| يرم | half |
| اوت | grass |
| په س | low |
| اوتكوزمه ك | pass, spend |
| ايگيز | high |
| باقماق | tend, look after |
| كوپچولوك | majority |
| آرتوغراق | more than |
| حسابات | tabulation |
| بولونوش | dividing |
| كوز د ن كيچرمه ك | examine |
| قشين | in winter |
| ايرته ياز | spring |
| اقليم | climate |
| اوزگوروش | alternation, change |
| آيرم | distinct, separate |
| تاءثير قلماق | have effect |
| چوڭ - كچيك | size, amount, quantitative |
| بولوپمو | especially |
| چوپ | fodder |
| آچلق | hunger |
| تومه نله پ | ten thousands |
| چقيم | expense; loss |
| ممكن | possible |
| ايگه ليك | economic; dominant |
| اويناماق | play |
| سان | number |
| باققاندا | compared with |
| زيچلق | density |
| تشكيل قلماق | organize, constitute |
| نسبت | proportion |
| فائيض | interest; per cent |
| كوچ | effort, strength |
| تيخيمو | still, yet |
| تقسيمات | divisions, column |
| مزكور | above-mentioned |
| اورتا حساب | average |
| مو | mu (Chin. square measure, tanap) |
| تاناپ | tanap (1/6 acre) |

| | |
|---|---|
| توغری کیلمه ك | come to, have to |
| ایسه | as to |
| ترقی اتمه ك | develop, make progress |
| یاراشا | compared to |
| احتیاج | need, requirement |
| داخلی | internal |
| سالیشتورماق | compare |
| قس | tight, urgent |
| بویچه | throughout |
| مشهور | famous |
| محصول بیرمه ك | produce, yield |
| صفت | character, quality |
| نسل | breed, race |
| علاقه‌دار | connection, interest |
| مینمه ك | ride |
| یوك | load |
| توشوماق | transport, haul |
| اوچونلا | only for |
| ایشلتمه ك | employ |
| عاده ت | number |

| | |
|---|---|
| تاراموتارشی | equal; opposite |
| قوملوق | desert |
| استعمال قلماق | use |
| قاتناش | communication |
| منزل | posthouse, inn |
| عائد | concerning, belonging |
| اورته ڭ | inn |
| تیویت | goat-wool |
| ده ن | bale |
| حاصل | yield, product |
| یرلیك | local |
| ره ڭ | color |
| آقلیق | whiteness |
| بهار | spring |
| کوز | autumn |
| قیرقیلماق | shear |
| یتشمه ك | produce, grow; reach |
| یورگوزولمه ك | be moved |
| سوزوك | pure |
| آرا | mixed (color) |

| | |
|---|---|
| ایکسپورت قلماق | *export* |
| آهالی | *people, population* |
| اوتوك | *boot* |
| بورك | *skullcap* |
| گیله م | *carpet* |
| یوتقان | *quilt* |
| كورپه | *blanket* |
| جهتده | *in, as for* |
| تاختا | *board; hide* |
| سارق | *yellow* |
| تولكی | *fox* |
| چل بوری | *(a type of) wolf* |
| یلوپز | *leopard* |
| بوری | *wolf* |
| سوغور | *marmot* |
| یاوا | *wild* |
| اوچراماق | *meet* |
| بها | *price, value* |
| حفظ الصحت | *hygiene, sanitation* |
| دقت | *care* |
| كلگوسیده | *in future* |
| البته | *of course* |
| مطلوب | *desired, required* |
| اوسدورمه ك | *raise, produce* |
| بایلیق | *wealth, resources* |
| كوتورمه ك | *raise, lift* |
| گوش | *meat* |
| آشتان | *remainder* |
| خام مال | *raw material* |
| داخل | *interior* |
| آلماشماق | *exchange* |
| دوولوتماق | *heap up* |
| بوزولماق | *spoil* |
| كیره كسز | *useless* |
| اطلاس | *atlas* |
| كوچورولمه ك | *be copied* |

(BLANK)

## SELECTION 16

### TEXT

### اشغال استیدا المانیه

اشغال آستیداکی آلمانیه ده کوزگه چالقتان [1]بیر نقطه بولسا هم اوروسلار بله ن آمریقالقلار و أنگلیزله ر آراسیداکی اختلافلارغا قارشی آلمانلارنڭ توشه نچه له ری و توتماقدا بولغان وضعیتله ریدور .

دوام قیلب یاتقان اختلافلارنڭ [2]توغولوش نقطه سی آلمانیه نڭ استقبالینی بلگوله ش ایشیدن بولماقدا . برله شمه دولتله ر، اوز اشغاللاری آستیدا بولغان 50 ملیونلق آلمانیه بله ن، ساویتلارنڭ اشغالیتی آستیداکی 30 ملیونلق آلمانیه نی بیرله شتوروب، مستقل بیر دولت قوروش توغراسیداکی فکرله رینی روسیه گه [3]قبول قیلدورالماغانلقلاری اوچون، اوز قول آستیدا بولغان قیسمدا بیر غربی آلمانیه دولتی قوروشقا اومتولمه کده . بو مسئله گه بلک آز طرفدار بولغان فرانسانڭ نازلانیشیغا قاراماسدن غربی آلمان دولتینی قوروش خصوصیداکی قدمله ر هر کون ایلگریله مه کده دور .

بو مسئله شونداق [4]قالا بوسون، اتفاقداش روس اختلافنينگ هر تورلك [5]جيچه كله نهشله ری برلين شهريده اوزينی كورسه تمه كده دور. [6]معلوم بولوشيچه، برلينننگ بتون اطرافی روس قوتله رينگ قوليدا بولغانی حالدا برلين شهری تورت ملتننگ اشغالی آستيدادور. يعنی برلين شهری تورت قيسمغا آيرلغان بولوب بير قسميدا ساويتله ر، باشقا قيسملاريدا آيريم - آيريم اداره له ر بله ن آمريقالقلار، أنگليزله ر و فرانسوزلار باردور.

روسلار برلينني ساويت جامعه سيگه قوشوشنی ايسته گه نيده ك، غربی آلمانيه دولتينگ مركزی قيلشنيمو ايسته يدور. باشقا ملتله رنگ بوليند ه توروشی، روسلارنی بو غايه گه يتكوزوشدن قوروق قالدورماقدا. بيرلين كهنه بيوك آلمانيه نگ پای تختی بولغانلقيدن، [7]بو يرنگ غربی آلمانيه دولتينگ مركزی حاليغا كلتورولوشينگ البته آلمانلارغا پيسكولوژيك بير تاثيری باردور. ايكنجی بير مهم، نقطه هم برلينننگ آمريقالقلار، أنگليزله ر، و فرانسوزلارنگ قوليدا بولوشی سببی بله ن روس اشغال بولگه ( رايون ) سينگ دائمی بير كونترول آستيدا قاليشيدور. مانا بو ايكی چوك سببدن تولايی، ساويتله ر هر تورلك حادثه له رنی ميدانغا كلتوروب، آمريقالقلار أنگليز و فرانسوزلارنی تويغوزوب برليندن تاچورماق ايسته مه كده دور.

مانا شونداق اختلافلار تارشهسیدا آلمانلار نیمه نی کوروب یاتادورغاندور ؟ آمریقان - روس سوتوشی بولوب قالسا آلمانلار قایسی جبهه نی توتادورغاندور ؟ بو موضوعنی بیر آز بولساهم اینچیکیله ش فرصتینی تاپدوق ، عمومیت بیله ن آلمان ملتی اوز مملکتی ایچیده ، بونداق چوك بیر توراللق کورشنك چیقیشیغا طرفدار ایمه سدور ، چونکه بونداق بیر سوتوش بولادورغان بولسا اوتکه ن قاتیمقی سوتوشدن قورتولوب قالغان بیر تیسم شهرله رمو خراب بولغوسی ، آلمانیه یه نه بیر قاتیم قورتونوچلق بیر اوتنك ایچیده ، اورته نگوسیدور . بونداق بیر مجادله گه میلی خواهلاسون[8] ، میلی خواهلاماسون آرالاشیب بیر تیسم نفوسینی تکرار اولومنك توچاقیغا تاشلاب برشکه مجبور بولاچاق بولغان آلمانیه بونداق بیر سوتوشنی قانداق آرزو قیلسون ؟

براق ، بو قطعی حکمنی بریشده ،[9] الدیرماسلق لازم . چونکه ، بیر مشهور غزته چی آلمان صنایعچیله ری بیله ن کوروشکه نده ، بیر روس - آمریقان سوتوشینك چیقیشیغا طرفدار ایکه نلکله رینی أیتقان . بولارنك مطالعه سی هم شو ایکه ن .

" بیر روس - آمریقان سوتوشی بولماسا ، آلمانیه قانداق آزاده قالغای ؟ آمریقالقلار بیله ن أنگلیزله ر آلمانیه نی شو

پنی چه تاشلاب کتسه، بو برله ر قومونستلارنگ تاثری بله ن روسیه نگ قوچاغیغا توشکوسیدور. آمریقالقلار کتمه سه، آلمانیه نگ تریلیشیگه و استقلالیغا ایریشیشیگه امکان یوقدور. حالبوکه آرالاریدا بیر سوتوش چیقسا، آلمانلارچه روسیه یکشیلیب چك آراسیغا چکینگوس. آمریقا هم آلمانیه نی بوشاتیب، اوکشا حریتینی تکرار برگوسیدور."

بیر روس آمریقان سوقوشی بولغان تقدیرده، آلمانلارنگ قایسی جبهه ده توروب سوقوشادورغانلقی توغراسیداکی سوئالغا بیر آلماننگ برگه ن جوابی بك خراکتریستیکدور:

- غایت طبیعی اولاراق، روسلار بله ن برله شب، آمریقاغا قارشی سوقوشامز.

- نیمشکه ؟

- چونکه، آمریقا بله ن بیرله شیب روسلارغا قارشی سوقوشساق، اسیر توشکه ن تقدیرده، سیبریاغا سورگون[10] قیلنماق بار. حالبوکه، روسلار بله ن بیرله شیب، آمریقان جبهه سیگه هجوم قیلساق، درحال تسلیم بولوب، توغری آمریقاغا کیته مز.

بیر نقطه اولاراق سوزله نیشیگه[11] رغمان، بو سوزنگ

آستیداکی معنا بیك یاشورون ایمه سدور. ناسیونال -
سوتسیالیزم یاشلاریغا هتله ر طرفیدن اورگه تیلگه ن قوموئیزم
دوشمانلغی، کوکلله ردن تمامان تازالانیب کتکه ن ایمه سدور.

بوندن بیر نچه آیلار بوروون آلمانلار آراسیدا بیر
شایعه دوران سوره ر ایدی. آسان [12]ایشه نگه لی
بولمایدورغان بو سوزله رگه کوره، روسلار و اتفاقداشلار
اوردو حاضرلاماقدا ایمشله ر. بوننگ توغرالق درجه سینی
یالغوز اتفاقداش دولتله ر و روسلارنینگ اوزله ری گه
بیلور. بزنینگ قطعیت بیله ن بیله دورغان [13]نرسه مز بیرلندا
توروشلق آمریقان و أنگلیز قوتله رینینگ آزلقیدور. بو
یرله رده [14]کوزگه کورونگوده ك بیوك قوشونلار و اوردولار
یوقدور. بار بولغان قوتله ر، آران آلمانیه نی اشغال
آستیدا [15]توتوب تورالغوده ك درجه ده آزدور. بوکشا
مقابل ساویت بولگه سیده بو یرله رده کی قطعه له ردن یوز
مرتبه آرتوق قوتله رنینگ بارلغی [16]ادعا تیلنماقدادور.

بتون بو ایضاحلاردن سوکره، مقدر سؤال شودور:
آلمانیه نیمه بولغوسی؟

## NOTES

1. بولسا as *for* or *if there is* sets off the subject بير نقطه to emphasize it. The predicate is compound: توشه نجه له رى and وضعيتله ريدور. Thus, *there is one matter .... (namely) the ideas .... and the circustances* or *the ideas .... and the circumstances .... are one matter that ...* .

2. This sentence has two verbal nouns modifying other nouns: اختلافلارنك توغولوش نقطه سى *the question which gives rise to quarrels* and استقبالينى بلگوله ش ايشهدن *from the matter of determining its future.*

3. قبول قيلدورالماغانلقلار is an expanded past participle in the nominative case with the post-position اوچون and, having as subject بوله شمه دولتله ر it is equivalent to a clause of cause; the participle is a causative verb with two objects, one a direct object and the other (the agent) in the dative case روسيه گه فكرله رينى : *because the allies cannot make Russia accept the idea of ....* .

4. When the auxiliary ber- is used with the present gerund, it connotes a spontaneous, impetuous, swift action that continues despite hindrances or obstacles. In the imperative form, as تالا برسون , it forms a very strong imperative: *let it remain* or *let it be left as it is.*

5. The verbal noun چيچه كله نيشله رى is the subject of the sentence and has the predicate اوزينى كورسه تمه كده دور : lit., *the flourishings .... show themselves* or better (with the genitive modifier of the subject اختلافينك) *the quarrel shows itself to be flourishing.*

6. This sentence has two subordinate clauses: معلوم بولوشيچه *as it is known* and حالدا بولغانى *although it is ....* .

7. The basic construction of this sentence expresses possession: بو يرنڭ ... كلتورولوشينڭ ... تاثيرى باردور *the bringing ... of this place .... has an effect .... .*

8. خواهلاسون ... خواهلاماسون *whether she wishes to or not or willingly or unwillingly.*

9. الديرماسلق is a substantivized future participle in the negative and, used with لازم , is equivalent to an infinitive: *one must not be hasty.*

10. The infinitive in -maq plus bar expresses possibility or probability: سورگون تيلنماق بار *it is possible to be exiled ....* or *we may be exiled .... .*

11. The verbal noun سوزله نيشيگه with the post-position رغمان, is employed in the manner of a participle: *despite what is being said ... .*

12. The non-temporal gerund of purpose in -geli here is equivalent to an infinitive: ايشه نگلى بولمايدورغان *which are not to be relied on ....* or *which it is not possible to believe in .... .*

13. نرسه مز is the subject of the sentence and is modified by بزنڭ and the relative participle بيله دورغان lit., *our thing that is known* or *what we know ... .* The predicate is آزلق ; آزلقيدور is modified by قوتله رينڭ which in turn is modified by بيرلندا توروشلق : *the fewness of the forces stationed in Berlin.* The verbal noun توروش is rendered an adjective by means of the abstract ending -liq; the complete phrase is equivalent to a relative clause.

14. The ending -gudäk expresses probability *(as if)* and is used either with finite verbs or with verbs functioning as participles. Here كوزگه كورونگودك modifies قوشونلار و اوردولار : *armies that are all but visible* or *armies that are in evidence.* See note 15.

15. توتوب تورا آلغوده ك functions as a participle of probability (as in the preceding sentence) and modifies درجه ده آزدور : *on a small scale, hardly able to keep .... .*

16. ادعا قیلنماقدادر governs an indirect statement: ساویت بولگه سیده ... قوتله رنك بارلغی *it is being claimed that there are .... troops in the Soviet zone.* In the phrase قطعه له ردن یوز مرتبه آرتوق the ablative ending translates *than: a hundred times more than the troops.* بو یرله رده کی is a relative modifier of قطعه له ردن *than the troops in this place.*

## VOCABULARY

| | | | |
|---|---|---|---|
| اتفاقداش | *ally* | چالقماق | *catch the eye* |
| چیچه کله نمه ك | *flourish* | نقطه | *point* |
| معلوم | *known* | اختلاف | *quarrel* |
| یعنی | *that is* | توشه نچه | *idea* |
| آیرلماق | *be divided* | استقبال | *future* |
| آیریم - آیریم | *separate* | برله شمه دولتله ر | *allies* |
| اداره | *administration* | بیرله شتورمه ك | *unite* |
| جامعه | *society, community* | مستقل | *independent* |
| توشماق | *annex, join* | تورماق | *establish* |
| مرکز | *center, capital* | قبول قیلدورماق | *make accept* |
| توروش | *stand* | اومتولمه ك | *hope, intend* |
| غایه | *goal* | نازلانیش | *reluctance* |
| یتکوزمه ك | *reach, attain* | قاراماسدن | *despite* |
| قوروق | *barely, hardly; dry* | قدم | *step* |
| کهنه | *old* | ایلگریله مه ك | *go forward, make progress* |

| | |
|---|---|
| پسیکولوژیك | *psychological* |
| تأثیر | *influence* |
| بولگه | *zone* |
| دائمی | *permanent* |
| مانا | *here, so* |
| تولایی | *on account of* |
| حادثه | *event, incident* |
| تویغوزماق | *feed, satiate, surfeit* |
| قاچورماق | *drive out* |
| جبهه | *front* |
| موضوع | *subject* |
| اینچیکیلمه ك | *study, scrutinize* |
| فرصت | *opportunity* |
| عمومیت | *generality* |
| خراب بولماق | *be destroyed* |
| تورقونوچلق | *horrible* |
| اورته نمه ك | *be enveloped* |
| مجادله | *struggle, dispute* |
| میلی | *willing* |
| خواهلاماق | *wish* |

| | |
|---|---|
| آرالاشماق | *participate* |
| نفوس | *population* |
| قوچاق | *lap, embrace* |
| آرزو قیلماق | *wish* |
| براق | *however* |
| قطعی | *definite, categorical* |
| حکم | *judgment* |
| الدیرماق | *be hasty, hurry* |
| صنایعچی | *industrialist* |
| مطالعه | *opinion* |
| آزاده | *free, liberated* |
| پتی چه | *at quits, as is* |
| تریلمه ك | *be reunited, revived* |
| استقلال | *freedom* |
| ایریشمه ك | *reach, attain* |
| امکان | *possible* |
| حالبوك | *however* |
| یکیلمه ك | *be defeated* |
| چك آرا | *boundary* |
| چکینمه ك | *withdraw* |

| | |
|---|---|
| بوشاتماق | evacuate, vacate |
| حريت | freedom |
| خراكتريستيك | characteristic |
| غايت | very |
| اسير | prisoner |
| سيبريا | Siberia |
| سورگون قيلماق | push out, exile |
| درحال | immediately |
| تسليم بولماق | surrender |
| رغمان | despite |
| معنا | meaning |
| ياشورون | hidden |
| دوشمانلق | enmity |
| كوڭول | heart, mind |
| تازالاتماق | cleanse, clean |
| شايعه | rumor |
| دوران سورمه ك | circulate |
| آسان | easily |
| ايشه نمه ك | rely on, believe |
| توغرالق | concerning; veracity, correctness |
| قطعيت | certainty |
| تورماق | stand, station |
| قوشون | army |
| آران | hardly |
| مقابل | contrary, contrasting |
| قطعه | sector, continent; troops |
| ادعا قيلماق | claim |
| اضاح | explanation |
| مقدر | foreordained; implied |

(BLANK)

# SELECTION 17

## TEXT

### بوگونکی دنیا سیاسی تورومسی

( 6 نجی نویابردەکی 13 نجی دەورەنەك مجلسدە، محمد امین بوغرا طرفیدن بریلگەن سیاسی کونفرانس)

بوگونکی دنیا وضعیتی بوتون انسانلەرنڭ چوقور آرالاش دقتینی اوزیگە جلب قیلماقدادور. یورتومزدا خبر قورالّلارینڭ یتشسزلکی و اجنبی مطبوعاتینڭ بك آز کیلشی[1] سببیدن کوپچیلك تورکستان خلقی دنیانڭ بوگونکی حقیقی احوالیدن خبرسزدور. موندا ق خبرسزلك 20 عصرنڭ حیاتیغا یراشماغان بیر حالدور. منڭ بیر نچە تیل بیلشیم سایەسیدە بیر نچە تورلك غزتەلەردن و کوندەلك دنیا رادیولاریدن بیر آز معلومات توپلاش شرائطیگە[2] ایگە ایکەنلکیم هر بیریڭزلەرگە معلومدور. بوگون بو فرصتدن فائدەلانیب تولوق بیطرفلك دائرەسی ایچیدەکی خلق آرا سیاسی وضعیتدن بیر آز سوز قیلماق ایستەدیم.

دەرنەكداشلار ! بوگون هر كشىنىڭ كوز آلدىدا " 3 نجى دنيا سوقوشى بولورمو بولماسمو ؟" سوالى تورماقدادور . اما هيچ بير قطعى جوابى يوقدور . بيراق بيوك دولتله ر آراسيداكى سياسى تالاش - تارتيشله رگه سبب بولغان مسئله له رنى تدقيق قيلنسه تخمين بيله بولسامو بير حكوم بريشكه يول آچيلغان بولادور .

دنيانىڭ سياسى منظره سى برنجى قاراشدا ايكى بولوك صف منظره سيدن عبارتدور : (1) كومينفورم بولوكى = بونىڭ غايه سى بوتون دنيانى كومونيزيم مسلكيگه كرگوزوب بير گينه فرقه حاليغا كلتوروشدور و بو بولوك بو غايه گه يتمه ك اوچون بوتون وسيله له ر بله ن چاليشماقدادور . (2) [3] ديموكراسى بولوكى بولوب كومونيزيمنىڭ دنياغا يايىليشيغا تارشيلق قيلماقدا و هيچ بولمه سه كومونيزيم اوز يرله شكه ن يرينىڭ تاشيغا چقماسون ديگه ن غايه آرتاسيدا قوليدن كلگه ن چاره نى قوللانماقدادور .

[4] بو قاريمو قارشى ايكى صف اوزيگه طرفدار توپلاب و كوچينى آرتدورماق اوچون قيزغين حركتده بولوب بير نچه بيرلكله رنى اورتاغا چقارماقدادورله ر . بو بيرلكله رنىڭ سانى بوگونله رده يته گه يتدى :

1- غربی آوروپا بیرلکی = أنگلیس، فرانسه، بلجیقا، هوللاندا، و لوکسمبورکدن عبارت بولغان بش دولتنڭ مدافعه بیرلگیدور . بوله ر حاضرده بیر عسکری بیرلك حالیدا بولغان تشکیلاتینی قوردی . آکـلاغانیمزغا[5] کوره کومونیزیم تجاوزینی بیرلکده مدافعه[6] قیلماقچی بولادورله ر .

2- ایسکاندیناویا بیرلکی = اسوه چ، نوروه چ، دانیمارقادن عبارت بولغان اوچ اسکاندیناو دولتینڭ مدافعه بیرلگیدور . بوله رنڭ مقصدی 1 نجی بیرلکنڭ مقصدی بله ن بیردور .

3- شمالی آتلانتیك بیرلکی = آمریکا، کانادا، پورتکز، ایرلاندا و اسپانیادن عبارت بولغان بش دولتنڭ بیرلکی بولوب یوقاریقی بیرلکله ر بله ن بیر غایه ده دور . بو آتلانتیك بیرلکی تخی[7] قورولماغان بولسامو قورولوش اوستیده دور .

4- پان آمریکا بیرلکی = شمالی و جنوبی آمریکاداکی یگرمه بیر دولتنڭ بیرلکی بولوب آمریکا قطعه سیگه بولادورغان هر بیر تجاوزنی مشتریك صورتده مدافعه قیلماق غایه سی بله ن موندن بیر نچه ییل بوروون قورولغان بیرلکدور . بو بیرلکنڭ مدافعه دائره سی یالغوز آمریکا قطعه سی بولوب باشقا قطعه له ر بله ن علاقه سی یوقدور . اما هر حالدا

ألك بیوك بیر توپلام کوچ صفتی بله ن دنیا سیاستیگه
تاثیر یوملکده دور ·

5- کومینفورم بیرلکی = ساویت، پولشه، بولغاریا، رومانیا،
یوغوسلاویا، آلبانیا، مجارستان، چکوسلواکیا، فنلاندیا، مونغولستان،
و یاکشی توروولغان شمالی کوریادن عبارت بولغان اون
بیر دولتنك بیرلکیدور · بو بیرلك کامونیزمگه قارشی
بولغان تجاوزنی مدافعه قیلش غایه سینی آساس توتماقدادور ·
باشیدا ساویت دولتی بولوب هر یول بله ن بو بیرلکنی
کوچلاندورماقتا چالیشماقدادور ·

6- بریتانیا امپراطورلوق بیرلکی = أنگلیس و آنك
دومینیونله ری بولغان کانادا، آوستر الیا، نیوزیلاندا، هندستان، پاکستان،
جنوبی آفریقادن عبارت بولغان یته دولتنك بیرلکیدور ·
بونك غایه سی مشتریك مدافعه بولوب بو قاتیمقی توروولتای
بیاننامه سیگه کوره کومونیزمگه قارشی دنیانك بش قطعه سیگه
تارقالغان بیر چولك مدافعه سزیقی ایکه نلکی آکلاشیلماقدادور·

7- عرب بیرلکی = مصر، عراق، سوریه، لبنان، اوردن،
سعودی عربستان و یمن دولتله ریدن عبارت بولغان یته
دولتنك بیرلکیدور · بو بیرلکنك غایه سی بوتون عرب

مملکتله ریگه اجنبی طرفدن بولادورغان تجاوزنی مدافعه قیلماق و اجنبی حاکمیتی آستیدا قالغان عرب مملکتله رینی اسیرلقدن قوتقازماق [8]بولوب بوتاریخی ایکی صفنینگ تاشیدا اوز باشیغا بیر بیطرف بیولوك حسابلانماقدادور .

ینه بیر عبارت بله ن ایتساق دنیانینگ سیاسی بولوکله رینی غرب کتله سی و شرق کتله سی دەپ آتالماقدادور . غرب کتله سینینگ باشیدا آمریکا و أنگلس و شرق کتله سینینگ باشیدا ساویت تورماقدا و بو ایکی کتله بوکونله رده سیاسی سوقوشنینگ أنگ جدی میدانلاریدا کوره ش قیلماقدادور . بو سیاسی کوره شکه حاضر سوغوق سوقوش ( قورالسز سوقوش) دەپ آت بریلمکده دور . بو ایکی طرف آراسیدا ایکنجی دنیا سوقوشیدن بیری فکر ویا . ایش بیرلکی اوچون هیچ بیر چاره [9]تاپیلمای دواملق تالاش ـ تارتیش بولوب دنیانی دهشتکه سالماقدا بولغان مسئله لەرنی بو سوقوشنینگ جبهه لەری دیهلمکده دور . بو جبهه شوله ردور :

1- چیننینگ ایچکی سوقوشی بو سوقوش' کوورونوشده ، چین دولتینینگ ایچکی سوقوشی بولسابو خلق آرا ایکی بیوك سیاسی کتله نینگ دقتینی جلب قیلشدا برنجی درجه لك اهمیتگه ایگه ایکه نلکی همه مزگه معلومدور .

2- [10] فلسطین مسئله سی، بو مسئله نی دنیا تنجلیگینی خطرگه توشورگه ن بیر بیوك مسئله ده ب تونوماتدا بولغانلغی و سانی بیش یوزمنگغا یتمه گه ن فلسطین یهودیله ری یتمیش ملیون عرب بله ن قانلق سوقوش قیلب تورغانلغی و همده بیرله شگه ن ملتله ر مجلسیده و تنجلق مجلسیده هر مسئله دن آرتوق تارتیشما و قارشیلقله رگه میدان بولوب حلی امکانسز بیر مشکیللك سفتینی ساقلاماقی ایکی طرف آراسیدا فدا قیلش ممکین بولمایدورغان بیر منفعت تالاش بارلغیغا أنگ قطعی بیر دلیلدور و بو میداناکی سوغوق سوقوشنگ نه قدر جدی ایکه نلگی آچوقدور .

3- یونان مسئله سی = یونان دولت عسکرله ری و کومونست پارتیزانلاری آراسیداکی بو سوقوشنگ أنگ شدتلك توپله رینگ اوقله ری بیرله شگه ن ملتله ر مجلسینگ تنجلقنگ هیاٴتی و سیاسی هیاٴتینگ مجلس میدانلاریدا ویشنسکی، مارشال و بیوینله رنگ آغیزله ریدن آتیلب تاووشله ری بوتون دنیانی تیتره تمکده دور .

( دوامی بار )

## NOTES

1. The post-position سببيدن goes with two verbal nouns, يتشمزلكى and كيلشى *because of the lack of .... and because of the arrival of ....* .

2. ايگه ايكه نلكيم is the verb of the indirect statement that is subordinate to the main clause هر بريكنزله رگه معلومدور : *it is known to all of you that I possess.* The indirect statement is in the first person as shown by the subject منك and by the possessive suffix on ايكه نلكيم .

3. The subject of the sentence ديموكراسى بولوكى is set off from its logical predicate قارشيلق قيلماقدا by the secondary predicate بولوب : lit., *there is the democratic bloc and it is opposing ....* or better *the democratic bloc is opposing ....* . The second part of the sentence employs a form of the quotation particle ديگه ن to set off a clause of purpose with its verb in the third person imperative تاشيغا چقماسون ; the main verb is قوللانماقدادور : *it is employing .... so that .... will not go out beyond ....* or *it is employing .... lest .... expand outside ....* . There are two idioms, هيچ بولمه سه *at least, in any case,* and قوليدن كلگه ن *which it has in its power* or simply *all possible* to modify چاره نى .

4. The subject of the sentence بو قاريمو قارشى ايكى صف has the finite verb اورتاغا چقارماقدادورله ر which governs the secondary predicate حركتده بولوب : *these two opposing sides are acting .... and are creating ....* . Another past gerund functioning as a secondary predicate توپلاب is subordinate to آرتدورماق اوچون which is the infinitive complement of حركتده بولوب : *are acting .... to increase .... and to gather ....* .

5. آڭـلاغانیمزغا is a past participle used as a noun in the dative with کوره ; having the subject in the form of the possessive suffix, it is equivalent to a noun clause: *according to what we understand.*

6. The agent suffix -çi on the infinitive in -maq forms a mood of intention مدافعه قیلماقچی بولادورله ر *it intends defending .... .*

7. تخی قوروللماغان بولسامو قوروللوش اوستیده دور *although it has not yet been set up, it is on the point of being organized.*

8. بولوب functions as a secondary predicate and acts as a copula for two infinitive complements, مدافعه قیلماق and قوتقازماق of the subject بو بیرلکنڭ غایه سی : *the purpose of this alliance .... is to defend .... and to rescue .... .* Usually past gerunds have the same subject as the finite verb. Here the main verb حسابلانماقدادور has a different subject: *it considers itself .... .* See also note 9.

9. This sentence also employs past gerunds as secondary predicates with subjects different from that of the principal verb. The first secondary predicate, in the negative, expresses cause: هیچ بیر چاره تاپیلمای دواملق تارتیش بولوب *as no means at all have been found ...., there is constant bickering, and .... .* The principal clause has a third subject: مسئله لەرنی بو سوقوشنڭ جبهه لەری دیپلمکده دور . *the fronts of this struggle express the problems which .... .*

10. This complicated sentence has as subject and predicate: فلسطین مسئله سی ... بارلقیغا أنڭ قطعی بیر دلیلدور *the Palestine problem .... is the most definite evidence that there exists .... .* A series of three participial phrases in the form of substantivized past participles in the nominative case with possessive suffixes, giving simultaneous actions, function as adverbial complements (equivalent to clauses of time) of the main predicate. These are: (1) بیر بیوك مسئله ده ب تونوماقدا بولغانلقی *while it is recognized as a great problem .... ;* (2) قانلق سوقوش تیلب تورغانلقی *while the bloody war continues .... and* (3) قارشیلقله رگه میدان بولوب حلی امکانسز بیر مشکللك سقتهنی ساقلاماقی *while at the same time still maintaining an impossible difficulty as the occasion for conflicts and .... .*

The third phrase has the secondary predicate مهدان بولوب *occasioning and .... or as the occasion for ....* . In translating, it is best to subordinate the first two phrases to the third one and give it in a separate sentence: *while they recognize the Palestine problem ..,. yet at the same time (both blocs) nurture difficulties .... even while the bloody fighting continues ... ; (thus) this problem is the most definite evidence ....* .

## VOCABULARY

| | |
|---|---|
| دهرنهك | meeting, session |
| كونفرانس | conference, lecture |
| چوكقور | deep |
| قايغو | sorrow |
| آرالاش | mixed |
| جلب قيلماق | draw, attract |
| خبر قوراللارى | means of communication |
| يتشسزلك | lack, insufficieny |
| اجنبى | foreign |
| مطبوعات | publications |
| عصر | century |
| يراشماغان | incongruous |
| سايه سيده | thanks to |
| كونده لك | daily |
| معلومات | information |

| | |
|---|---|
| توپلاماق | gather |
| شرائط | means, conditions |
| تولوق | full |
| بيطرفلك | neutrality, impartiality |
| دائره | circle, limit; area |
| تالاش-تارتيش | bickering |
| تدقيق قيلماق | study, examine |
| تخمين | conjecture |
| منظره | scene, view |
| قاراش | glance |
| بولوك | section, bloc; separate, different |
| صف | alignment, line |
| غايه | goal |
| مسلك | system; profession |
| وسيله | means |

| | |
|---|---|
| یایپلماق | *spread* |
| قارشیلق قیلماق | *oppose* |
| یرله شمه ك | *be situated* |
| تاشیغا | *(to) outside* |
| آرتاسیدا | *aiming at; behind* |
| قاریمو قارشی | *opposition, opposing* |
| آرتدورماق | *raise, increase* |
| تیزغین | *excited, furious* |
| اورتاغا چقارماق | *bring to light, reveal* |
| تجاوز | *attack* |
| قطعه | *continent* |
| مشتریك | *mutual* |
| صورت | *way* |
| علاقه | *interest, concern* |
| توپلام | *concentration* |
| صفتی بله ن | *in the capacity of* |
| قورولتای | *congress* |
| بیاننامه | *announcement* |
| تارقالماق | *extend* |
| سزیق | *line* |

| | |
|---|---|
| مصر | *Egypt* |
| عراق | *Iraq* |
| سوریه | *Syria* |
| لبنان | *Lebanon* |
| اوردن | *Jordan* |
| سعودی عربستان | *Saudi Arabia* |
| یمن | *Yemen* |
| اسیرلق | *captivity* |
| قوتقازماق | *rescue* |
| اوز باشیغا | *on its own, independently* |
| عبارت | *expression, phrase* |
| کتله | *mass, bloc* |
| میدان | *place, arena, occasion* |
| کوره شمه ك | *meet, struggle* |
| دواملق | *continual, constant* |
| دهشت | *terror, horror* |
| سالماق | *throw, fill with* |
| ایچکی سوقوش | *civil war* |
| کورونوش | *appearance* |
| اهمیت | *importance* |

| | |
|---|---|
| خطر | *danger* |
| يتمه ك | *reach* |
| همده | *also, at the same time* |
| تارتيشما | *quarrel, rivalry* |
| تارشيلق | *conflict, opposition* |
| امكانسز | *impossible* |
| مشكيللك | *difficulty* |
| صفت | *quality, character* |
| ساقلاماق | *keep, preserve; wait* |
| فدا قيلماق | *sacrifice, abandon* |

| | |
|---|---|
| منفعت | *advantage, gain* |
| تالاماق | *quarrel* |
| دليل | *proof, evidence* |
| يونان | *Greek* |
| شدتلك | *vehement, violent* |
| توپ | *cannon* |
| اوق | *arrow, bullet, shell* |
| آتماق | *throw, shoot* |
| تاووش | *voice, vote* |
| تيتره تمك | *terrify, make shiver* |

## SELECTION 18

# باندونك كونفرنسی غه تقدیم قلنغان مخطره

### باندونك دا توزولگان آفریقا و آسیا كونفرانسی نك رئیسی غه تقدیم قیلیننغان معروضه ـ

رئیس حضرت لری !

بزنك تاریخ بو ییـنچه بتون لام حر و مستقل یاشاب كیلگان مملكت لریمیز روس و چین قُشون لری طرفندن اشغال قیلیننغان حالت دا دور ـ بو اشغال بین‌الملل انسان لر حقوق قانونی غه قارشی ترسینده دوام قیلیننغان بر اشغال دیماك بولوب، بو اولكه لریمیز نك خلقی قوت و سلاح غه تا یانغان قیزیل جهانگیر لیقی استبدادی آستندا ینجیلا كده دور ـ منه شو سبب دن سیزنك رئیس لیقینگیز آستنده آفریقا و آسیا كونفرانسی نی تشكیل بیره یاتقان برادر دولت لرنك وكیل لریغه بو معروضه نی تقدیم قیلالقغه مجبور قالدوق ـ بز جنابینگیز دن شرقدا امنیت خاطری اوچون بو خصوصدا علاقه و یاردم كورساتمه كینگیزنی توقع قیله میز ـ

رئیس حضرتلری !

بز افریقا و آسیا حر دولت لری نك وكیل لری نك بونداغ بر كونفرانس دا توپلانماقینی نی بر مسهم تاریخی واقعه دیب تلقی قیله میز، سیزنك نجیب خلق لری نگیز نك كیچمیش داكی تجربه لری اشغال[1] دیگان نرسه نك قایداغ بر مدهش و یمان ایگان لیكی نی آپ آچیق كورسا تكا ندور ـ بونك اوچون بز نینگ بوگونكی حالت میزنك نهایتی آغیر لیقی نی تقدیر قیله بیلیر سیز[2] دیب قطعی لیك له متیقین دور میز ـ

جناب رئیس !

بز بونك[3] لیق بیلان هر برلری نك آلاتچی بولغان قرار لر و تدبیر لر نگیز لر غه خلل تاشلاما قچی ایماس میز ـ مگر نیمه قیله میز ؟ كه تو مور پرده نك

اچیده انکشاف قیلواتقان واقعه لر واضح کورسه ته دور کی اولرنڭ فاجعه سی قیاس و تخمین دن آرتوقچه یمان بر حالت ده دور- همه دن بونیسی مهم کی بو انکشاف یالغوز بزنڭ موجودیتی میزنی محو و نابود قیلماق بیله ن غنه توختاماس- بز اونلرنی تمثیل قیلغان بو مملکت لر یعنی بیوك تورکستان قفقاسیا- ایدیل اورال- قریم و آذربایجان شرق نڭ آیریلماس اعضا لری دور- بو بولسه شرق نڭ امنیتی خاطریدن او اولکه لرنڭ حریت و استقلالی نڭ تأمینی ضروری بر نرسه دور- بوخصوصدا قایداق بر اهمال و تاخیر له مك شرق نڭ کله چکی او چون یمان عاقبت لر توغدور ماق او چون باعث اوله بیلیر- لذا بز سیز نڭ یوکسک مجلسی نکیز دن توبنده کی تکلیف لریمیزنی دقت و اهتمام بیله ن ملاحظه قیلماقنی متواضعاً خواهش قیله میز-

خواهشمیز شولکه:

۱- آذر بایجان، شمالی قفقاسیا قریم، ایدیل اورال و بیوك تورکستان حقیده ذکر قیلینغان ظلم و استبداد، قتلعام و عمومی تهجیر لر توختاتیلسون-

۲- ایلگری بو اولکه لردن تهجیر قیلینغان آدم و خلق لرنی قایتاریب اوز جایلریغه اولتورغوزولسون-

۳- روس و چین مهاجر لری نڭ بو اولکه لرغه آقینی نی توختاتیب او لر نڭ ایلگری[4] کیلگه نلرینی اوز جایلریغه قایتاریلسون-

۴- مسکو و پیکن حکومت لریدن آذربایجان، شمالی قفقاسیا قریم، ایدیل اورال و بیوك تورکستان خلق لری او چون عین افریقا و آسیا برادر لریمیز او ز مقدراتی نی اوزی تعیین قیلماق یولی بیلان مالک بولغان حقوق و آزادلیق نی تانیسون و بو خصوص دا انسانلەر حقوق دکاەراسیونی و بر لاشمیش ملت لر منشورینی عملاً تطبیق بیرسون دیب[5] طلب قیلنسون-

۵- افریقا آسیالیق کونفرانسی طره فندن روسیه و چین داکی مسلمان لر نڭ فاجعه لیك حالت لرینی اولکه اچیده تحقیقات قیلیب چیقماق او چون بر بین الملل

قومیته تشکیل قیلنسون. بوقومیته بو تکلیف لرنی عمل غه آشوورولدیمو یا یوق؟ کورسون.

و همداییز بو خصوص لوق قونغره نڭ حضوریده بر مفصل بیانیه برمک او چون موقع[6] برمک لرینی سور ایمیز.

5 آذربایجان، شمالی قفقاسیا، ایدیل اورال، قریم و تورکستان نڭ ملی مرکزی طره فندن.

| | |
|---|---|
| سعید شامل | عیسی یوسف آلپ تکین |
| سابق شمالی قفقاسیا ملی | سابق شرقی تورکستان حکومتی نڭ |
| مدافعه رئیسی. | باش کاتبی. |

# قوشومچه ۱

بوگون روسیه بویاندیریقی آستنده قالغان بوشرق مسلمان ملت لری تاریخ بویینچه اوزحکومت و مدنیت لرینی اوز توپراق لریده قوروب و یاشاتیب کیلگەن خلق لر دور۔ بو اولکه لر نڭ مساحه سی ۱۰,۵۰۰,۰۰۰ کیلومتر مربع و نفوس لری ۱۹۲۹ احصائیه سیغه قراغانده ۵۰,۰۰۰,۰۰۰ خلق دن عبارتدور۔

بز توبنده حضورینگیز غه بو اولکه لر حقنده مختصر چه معلومات و برآز تاریخی تفصیلات تقدیم قلماقچی میز۔

۱- آذربایجان :

باکو، پاتیختی[7] بولغان آذر بایجان جنوبی قفقاسیانڭ شرق قسمتی نی و ۸٦۱ دن ۱۵۰۰ غه قدر بر مستقل دولت بولوب یاشاب کیلگان تاریخی شروان اراضی سینی و جنوبدا کی آران مملکتی نی تشکیل ایتکان بر تورک و مسلم مملکت دور۔ نظامی، خاقانی، فلکی غه او خشاپتون اسلام دنیا سیده معروف شاعر لر نڭ وطنی بولوب ۱۵ و ۱٦ نجی عصر لر دا نسیمی، حبیبی، فضولی خطائی غه اوخشاغان شاعر لر و عبدالقادر المراق کبی بیوک موسیقه استاد لری و رسام لر یتشتورگان بومملکت، ایکی عصر لیک برفاصله دن سوڭرا یعنی ۱۷ نجی عصردانڭی دن مستقل برحیاتغه ایریشگەن بولسه ده لیکن ۱۹ نجی عصر نڭ باشلرینده زار روسیه نڭ استیلا٘ سیغه معروض قالمیش دور۔ اگرچه بو مملکت روس اسارەتی آستینده قالسامو اسکی ملی، مدنی عنعنه سی و سیاسی دولت چیلیک شعوری سایه سینده عصری اوروپا مدنیتی غه تیز لیک بیلان آلیشقان بولوب، اقتصادی، اجتماعی و مدنی ساحه لر دا بیوک موفقیت لر قولغه کلتورمیش و ۱۹ نجی عصر نڭ باشیندن اعتباراً سیاسی مجادله غه آتیلمیش دور۔ مجادله سینی روسیه نڭ

اساره تیده کی باشقه مسلمان ملت لر نڭ مجادله سی ایله برلاشتورماکغه موفق بولوب و باشقه روس بولمغان ملت لر بیله‌ن برلیکده زارلیق غه قارشی مجادله یور گوزگه‌ن آذربایجان لیق لر ۔ نهایتی ۱۹۱۷ ده روس زار لیغی نڭ سقوطیندن استفاده قیلیب باشقه محکوم مات لر بیلان برلیکده او ز استقلالینی اعلان قیلماقغه موفق اولمیش و دیمو قراتیک بر جمهوریت قورمیش دور ۔ ۲۸ مای ۱۹۱۸ ده اعلان قیلینغان بو جمهوریت ۱۲-۱-۱۹۲۰ ده غالب دولت لردن انگلیه ، فرانسه ، ایطالیا ، یاپونیا و برآی دن کین پولشه و ایران طره فندن رسماً تانیلمیش دور و همدا آذر بایجان جمهوریتی اوندن اول راق عثمانلی امپر اطورلیغی و او نڭ متفق لری طره فندن تانیلمیش ایدی ۔ اقتصادی ، عسکری سیاسی و مدنی ساحه لرده بیوک موفقیت لر قازانغان بو اولکه ، ایکی یل لیق مسقل حیاتدن سوڭرا هر ملت او ز مقدراتی نی اوزی تعیین قیلیش غه حقلی دیب اعلان قیلغان روسیه طره فندین بردن تعرض غه معروض قالیب ۔ و ۲۷ اپریل ۱۹۲۰ ده قایتادن اشغال قیلینمیش دور ۔ آذر بایجان خلقی بو استیلا غه قارشی قولغه سلاح آلیب مقابله قیلدی و بومقاومت تابوگو نغچه لیك دوام قیلیب کیلمه کده دور ۔ آذر لیک ملیت پرور لر قافله قافله حالت دا شمالی قطب دا کی موزلوق جزیره لرغه و سابیریا دا کی اولوم کامپه لریغه سورولمه کده دور ۔ شونداغ بولسه مو بو مجادله[8] توختا غانی یوقدور ۔ بوگون آذربایجان نڭ روس اشغالی آستنده کی وضعیتی و اونڭ او ستیغه تطبیق قیلینغان تهجیر ، سورگو ، روسله شترمه ، اقتصادی ، استثمار غه او خشا امپریالست و مستملکه چیلیک سیاستی باشقه محکوم ملت لرغه تطبیق قیلنغان نرسه لرنڭ عینی دور ۔

## ۲- شمالی قفقاسیا

شرقینده خضر دینگیزی ، غربینده قارا دینگیز ، شمالینده مانیچ خطی و جنوبینده بولسه قفقاسیا تاغلری نڭ سلسله لری بیله‌ن حدود لانغان بو اولکه نڭ خلق لری حریت غه آمراق مسلمان خلق لریدور ۔ شرق قسمی نی داغستان ، غرب قسمی نی چرکزستان ، او رتاقسمی نی اوسیت لر و باشقه تورک قبیله لری اشغال قیلا

دور لر . اسکی یونان، روم، بیزانس و عرب مؤلف لری آلک اسکی زمان لر دن بری بوتو پراق لرنی بو گونکی اونده یاشیغان خلق لرنڭ آنا وطنی دیب تانیتدورورلر. میلاد دین اول ٦ نجی عصر دن اعتباراً بویرده چرکس لر مسکون ایدیلر. آوروپالیق سیاح و مؤلف لرنڭ شهادت لریغه قراغانده شمالی قفقاسیالی لر شمالی حدود لرینی ١٨ نجی حتی ١٩ نجی عصر غه قدر محافظت اتمه کگه موفق بولمیشی دور . زار روسیه وُلگا منصب لریغه چیقان تاریخ دن یعنی ١٦ نجی عصر نڭ سونگ لریندن اعتباراً ١٨٦٤ یلی غه قدر روس امپریالیزمیغه قارشی حریت و استقلال لرینی قهرمانچه مدافعه اتکه ن و بالخاصه امام شامل دورینده استیلاء غه قارشی مجادله دا شهامت داستان لری یاراتقان شمالی قفقاسیالی لر . زار لر نڭ آرقاسی کسیلمه گه ن فائق قوت لری قارشی سینده ناچار قالیب سلاح لرینی تاشلاماقغه مجبور قالغان دن سونگ استیلاء غه معروض قالغان باشقه ملت لر نڭ عاقبتی غه دچار اولدیلر . منبت جایلرینی ترک ایتیب تاغلر غه سیغینغان شمالی قفقاسیالی لر تسلیم دن کین کتله کتله حالده مهاجر تغه مجبور قیلیندی . ترکیه غه هیدالیب یولغه چیقار یلغان ١,٥٠٠,٠٠٠ .... چرکس دین نهایتی آز قسمی جایلاشا دورغان یر لریغه او لاشا بیلگانی و کوب لری نڭ قارا دینگیز لیمان لریده و یول لردا محو اولوب کیتکا نلیکی روس مامور و عالم لری نڭ رسمی راپور و اثر لریده ثابت دور . بو مقدار او زمان ایکی، اوچ ملیون تخمین ایتلگه ن چرکس نفوسی نڭ تقریباً یاریم حصه سی دیمه ک اولور ایدی . قفقاسیا تاغلری بیله ن دون و وُلگا ساحل لری آراسینده گی حاکم عنصر لر نی تشکیل قیلغان تورک قوم لری بولسه قلیچ دن کچریلیب محو قیلینمیشی و اولر نڭ بوشاغان جایلریغه روس مهاجر لری یرله شتورولمیش دور .

شمالی قفقاسیالی لر ١٩١٧ ده واقع بولغان روس احتلالیندن سوڭرا اوزلرینی ینگی دین توپلاب مجادله غه کیریشکگه موفق بولغان ملت لر دین بیریدور . ١١ نجی مای ١٩١٨ ده توپلانغان ملت مجلسی واسطه سیله استقلالینی اعلان قیلغان بولوب تاریخ بو ینچه [9] معروض قالدیغی حقسیز لیقغه آرتوق خاتمه

بیریلمیش او لغانلیقی نی امید قیلمیش ایدی[10] - خواه قوشنه مملکت لر طره فندین بولسون و خواه بیوک ملت لر طره فندن بولسون تصدیق قیلینغان استقلال لری روسیه طره فندین هم تانیلغان ایدی - لیکن زیاده مدت کچماسدن بو مملکت زار لیق طره فداری روس قوت لریله بالشویک لر نڭ مجادله سیغه صحنه بولدی - زار لیق طره فداری قوت لرنی مغلوب قیلیب شمالی قفقاسیا غه کیرگان بالشویک لر او لتی اعلان نی تانوشلوق کیفیتی نی بتون لام اونوتقان بولوب زار لر تجربه قیلغان مستملکه چیلیک اصولینی تطبیق قیلماقغه باشلادی - مسکو شمالی قفقاسیانڭ استقلالینی لغو قیلیب. تاشلاب او نڭ ملی وحدتینی مو پارچالاب تاشلادی - بیرجنس دین بولغان بو ملت نی قبیله لیق اساسینی بهانه قیلیب توروب مختلف ایالت لرغه آیریب او لرنڭ اداره سینی توغرو دین توغرا مسکوغه باغلادی - و همدا تیل لرنی آیریب و روس الفباسینی او تیل لرغه تطبیق قیلیب تیل بیرلیکی نی اولتورا دین کوتار دی - اسلام دینی نی قانون خارجی دا اعلان قیلدی - اقتصادی ثروت لرنی تالاب مملکت نڭ اڭ مهم یر لریده روس مهاجر لرینی یرله شتوردی - قور ولغان بتون صنایع مؤسسه لری ، تومور یول ، قوروغ و سویول نقلیاتی و دولت اداره لری همه سی بو روس لرغه بیریلدی - ثنی ایکنجی دنیا او روشی دا فاتح چیقان روسیه شمالی قفقاسیه ملتینی تماميله امحا قیلیب تاشلاماقغه کیرشدی - رسمی بر قرار نامه بیلان قاراچای ، بالقار تورکلری اینکش و چچن خلقی شامل بو لماق او زره شمالی قفقاسیا خلقینی ۲۳ فبرار ۱۹۴۳ بردن سایبیر یا غه تهجیر ایتیلدی - قارا چای و بالقار لر ۲۰۰,۰۰۰ چچن و اینکش لرایسه[11] ۸۰۰,۰۰۰ نفوس غه مالک ایدیلر - بو نلردن باشقه تامان یاریم جزیره سیده‌کی قفقاسیا لیق لر ، شمالی قفقاسیانڭ تیزیل یار منطقه سینده‌کی اهالی ، داغستان نڭ شمال حدودی ایله وُلگا نڭ جنوبی ساحل لری آرا سینده‌کی یایله لرده یا شایدور غان ۲۵۰,۰۰۰ نفوسلوق قالموق لر مو تهجیر ایتلمیش دور - ،

## ٣- قریم :

اسکی خضر دولتی نڭ سونگ مستقل قسمی نی تشکیل قیلغان قارا دینگیز نڭ شمالینده کی و قریم یاریم جزیره سی، و اونگغه باغلانغان شرق و شمالده کی توز لوک لر نی اچیغه آلغان بو او لکه آلتون اوردو نڭ سقوطی دن کین ١٤٢٨ دین اعتباراً مستقل بر تورک و مسلمان دولتی حالیغه کیلمیش و ١٤٧٥ ده عثمانلی سلطان لری نڭ حمایه سیغه کیریب سوگرا ١٧٧٤ ده بر عثمانلی–روس معاهده سی بو یینچه ینگی دن بر مستقل دولت بولوب تونولمیش دور- روس امپر اطوره سی ایکنجی کاترین طره فندن بو استقلال نڭ معاهده و یمین بیاه‌ن تعهد ایتلغانیغه رغماً قریم قایداغ بر تاریخی حق غه[12] تایانالماسدن او نڭ محض امپریالست سیاستی نڭ قربانی بولوب ١٧٨٣ ده ینه قایتا دن روس استیلا‌ٔ سیغه مغروض قالمیش دور- ایکنجی کا ترین ٨-٤-١٧٨٣ ده اعلان قیلغان بر بیاننامه سیده قریم خلقی نڭ دینی، مالی، جان لرینی تماماً رعایت و حرمت قیله دور غانلیقی نی تعهد قیلغان بولسه‌مو لیکن بو نگغه رغماً او نڭ استیلا‌ٔ والحاقیغه متعاقب قریم نڭ بتون دینی و مدنیت اثر لرینی تخریب قیلماقده هیچ تردد قیلمغاندور- قریم تورک لری نڭ اراضی لری و املاکی حکومت طره فندین ضبط و مصادره ایتلدی- و قریملیق بیوک کتله لر تشکیل قیلغان حالت ده هجرت قیلماقغه مجبور قیلیندیار- روسیه نك اشغالیدین اول بیش ملیون تخمین قیلنغان قریم دولتی بو تهجیر و امحاسیاستی نتیجه سینده ١٨٩٥ ده (٤٠٠,٠٠٠) نفوسلوق کچیک بر مملکت حالیغه کلیب قالمیش دی- جامع و مدرسه لر نڭ مهم بر قسمی تخریب و بعضی قسم لری کلیساغه تبدیل قیلینمیش دور- بو نڭ او چون ١٨٠٥ ده عددی ١٥٥٨ غه بارغان جامع لردن ١٩١٤ غه توغرا فقط ٧٠٠ مسجد باقی قالمیش دی- امام، خطیب و مؤذن لر نڭ عددی ٥١٣٩ دین ٩٠٠ غه توشمیش دی- بو استیلا‌ٔ نی[13] تانیمای بتون اداری، سیاسی، اقتصادی تضییق و امحاسیاست لریغه رغماً ملی بارلیق و آنا یورتیغه باغلیق لرینی محافظت قیلیب کیلگان قریم لی لر ١٩١٧ یلی انقلابی دن فایده لانیب

قورتولوش او چون تدبیر لر آلماقغه باشلامیش و دیمو قراتیک اساس لری دائره سینده انتخاب قیلینمیش اولغان ملت وکیل لریندن متشکل قریم ملی قورولتایی (مبعوث لر مجلسی) ۱۹۱۷ یلی قریم دولتی نڭ اساسی قانونی نی قبول و اعلان ایتمیش دور - اما بو حریت و استقلالی اوزون سورمادی - زار لرنڭ استیلا سیاستینی دوام قیلدور ماقچی بولغان بالشویک لر ۱۹۲۰ نجی یلی اخیر لرینده بو مملکت نی اشغال قیلیب روسیه غه الحاق قیلغاندن سوڭرا اول دفعه قریمدا بر یهودی دولت قورماقغه قرار بیرمیش که ن لیکن بو قرار نی کین بر طرف غه قویوب قریم تورک و مسلمان لرینی تهجیر و امحا قیلماقغه باشلادی لر - روسیه نڭ عالی شوری سی طره فندین دکابر ۱۹۴۳ ده قبول فبرار ۱۹۴۴ تصدیق قیلینغان اما ایکی یول سوڭرا جون ۱۹۴۶ ده اعلان قیلینغان رسمی برقرار نامه بیله ن قریم نڭ مسلمان اهالیسی عام تهجیر غه تابع تو تولدی - بو تهجیر باشلانغان وقت دا قریم نڭ نفوسی ۱,۲۰۰,۰۰۰ کشی ایدی . قریمده بوشاغان یرلرگه روس دهقان لر جایلا شتورو لمیش دور -

## ۳- ایدیل - اورال

ایدیل و یاخود ایتیل (ولگا) نهری بیله اورال تاغلری آراسینده کی یر لرنی و بوتاغلر و نهر لرغه متصل قسمت لرنی اوز اچینغه آلغان بو اولکه ۶ نجی عصری دن اعتباراً مستقل بر تورک دولتی و میلاد نیڭ ۱۰ نجی عصری نڭ باشیندین یعنی (۹۲۰) دین اعتباراً بر مسلم ملت حالیده یاشامیش دور -۶ نجی عصر دین ۱۳ عصری نک باشیغه قدر یعنی مغول فتوحاتیغه قد ر استقلالینی ساقلاب کیلگان ایدیل اورال کاما- بلغار دولتی نڭ جنوبنداکی شرق اوروپا توز لوکی نی اوزیغه آلغان و ایکنجی عصر غه قدر شرق اوروپا، ۱۲ عصر غه قدر قریم دا مستقل دولت حیثیتی دا یاشاغان بیوک خضر دولتی نڭ اکثر قسمتی ایدیل اورال غه تکیه قیلور ایدی -

۱۳ نجی عصر دین ۱۵ نجی عصر غه قدر دوام قیلغان آلتون اردو دولتی نڭ فقرات عمودیه (کمر سونکگه ی) نی تشکیل بیرور ایدی - بو دولت نڭ

سقوطی دین کین قورولغان مستقل خانلیق لردن قازان خانلیقی بو ایدیل اورال نك عصر لردن بری حکم سوروب کیلگان سیاسی مدنی عنعنه سی نك وارثی سانیلور ایدی. قازان دولتی نك مرکزی بولغان قازان شهری اسکی بلغار دولتی نك اراضی سیده اوروپا نك شمال شرقی و مسلمان شرقی اراسینده‌کی مناقلات یول لری نك اوله شه دورغان نقطه سیده واقع بولغان او چون شرق اوروپا نك کلتور و مدنیت مرکزی و همدا ترک و مسلمان شرقی نك اوروپاغه اوزانغان بر مدنیت و عرفان مرکزی نی و شونگغه او خشا آسیا نك سیاسی، اقتصادی و عسکری قلعه سینی تشکیل بیرور ایدی. بو سبب دین دور که ١٦ نجی عصر نك اورتا سینده بو شهر روس لر طرفندین ضبط قیلینیب بو خانلیق نك سقوطی و اونگغه متعاقب نوغای آستراخان خانلیغی نك هم اشغالیغه موجب اولدی. سونگرا خضر دینگیزی ایله اورال تاغلریغه تایانغان مسکو قفقاسیا و تورکستان نك استیلاء حرب لریغه باشلامیش و بو مملکت لر آرقالیق ایسیق دینگیز لر (بحر الهند) غه یول آچماق سوداسیغه بیریلمیش دور. قازان اشغال قیلینغاندن کین اونك معصوم اهالیسی قیلیچ دین اوتکوزولمیش و شهراوت قویولوب کاملاً خراب قیلینمیش دور. بو قتلعام دین علاوه جبری روسله شترمه و عیسائی لا شترمه، تهجیر و ینگی روس مهاجر لرینی کلتوروب جایلاشتورماق ایش لری خلق نك مقاومتینی سوندورالمادی. ١٧ و ١٨ نجی عصر لرده بو منطقه غه یایلغان و روس ادبیاتی نك موضوعی نی تشکیل قیلغان بیوك و سلاحلی خلق قوزغالانلری نك باشیندا شو ایدیل اورال لیق ترک مسلمان لری تورور ایدی لر. تورکستان و باشقه اسلام مرکز لری بیله ن مدنی علاقه لرینی ساقلاب کیلگان و اسکی مدرسه لرنی یراق قشلاق لرغه قدر اوزاتیب یاشاتقان ایدیل - اورال مسلمان لری ١٩ عصر دن اعتباراً اوروپا اصولینی تعقیب قیلیب کلتورساحه سیده بیوك قدم لر آتماقغه موفق بولمیش دور. بیوک تجارتخانه لر، صنایع مؤسسه لری، مطبعه لر، نشریات، مطبوعات، مکتب و مدنیت مرکز لری ایله گویا ینگی دن علم و عرفان مرکزی حالیغه

کینگان قازان ، مخصوصاً ۲۰ نجی عصرنڭ باشیندین اعتباراً ملیت شعوری نڭ مرکزلریدین بیری اولغان ایدی . بوسایه دا بوجایدا قیوم ناصری، شهاب الدین مرجانی ، ریاض الدین، فخرالدین، رشید ابراهیم، موسی جار الله، آقچورا او غلی، یوسف لر غه اوخشا بیوك تورك و مسلم علما' لر یتشکه‌ن دور. ۱۹۱۷ نجی دا واقع بولغان روس انقلابی نتیجه سیده آزادانه صورتده انتخاب قیلینغان ملت مجلسی ایدیل اورال منطقه سی دا برملی دولت اعلان قیلماقغه قرار بیرمیش ایدی. بوملی حکومت بالشویک لرنڭ استیلا' سی یعنی اپریل ۱۹۱۸ غه قدر دوام قیلغان دور. بالشویک روس ایدیل اورال اولکه سینی قبیله اساسیغه قاراب تاتارستان ، باشقردستان ، چوواشیستان وغیره لر غه او خشا مختلف قسم ارغه آیریب بو اولکه لرنی روس مهاجرتی اوچون اساسی بر هدف قیلیب آلغاندور. بویردا یرلیک خلق لرنی کوچاریش و روسیه دن مهاجر لر آلیب کلیب جایلاشتروش مسکونڭ اساسی ایشلریدین بیریدور.

## ۵- بیوک تورکستان

غرب دا اورال دینگیزی آستی، اورال منطقه سی ، شمالدا سائبیریا جنوب دا ایران ، افغانستان و تیبت ، شرقدا چین و مغولستان لر بیله‌ن حدود لانغان تورکستان بوگون بیری شرقی تورکستان دیلیب چین قول آستیده و ایکنجی سی غربی تورکستان روس اساره تی آستیده قالمیش دور . اراضی و نفوس اعتباریدین روسیه نڭ اساره تی ده کی ملت و مملکت لرنڭ اڭ بیوکی سانالغان تورکستان نڭ نفوسی ۳۵،۰۰۰،۰۰۰ دن عبارتدور. تورکستان دنیا نڭ تورت طره فیغه یا یلغان تورک عرق نڭ آنا یورتی[14] بولغان غه او خشا تورک و اسلام مدنیتی نڭ باشلیق مرکز لریندین بیری دور. کاشغر، بخارا، تاشکند ، سمرقند و مروغه اوخشا تاریخی مدنیت و عرفان مرکز لریغه ایگه بولغان تورکستان نڭ اسلام مدنیتی نڭ تشکلینداکی اویناغان رولی بك بیوکدور. ابن سینا ، فارابی و باشقه بیوک عالم لر نڭ ، وطنی سانالغن تورکستان بیوک فاتح لر نڭ ، قوماندان و حکمدار سلاله لری نڭ بیشکی دور. کوک تورکارنڭ ، اویغور لر نڭ ،

قراخانلیق لر نڭ، غزنوی لر، سلجوق، سامان او غول لری، خوارزم شاه لیق لر، مغول لر ، چغتای لر تیمور ، بابر ، شیبانی لر نڭ حکومت و دولت قورغان ساحه‌لری منه شو تورکستان دور. چین امپریالیزمی تورکستان نڭ تاریخ لر بویینچه یاشاتیب کیلگان‌مدنیت شعله سینی اوچورماک اوچون عصرلرچه چالیشقان [15]بولسه ۱۹ نجی عصر اخیر لریندین اعتباراً روس استیلاءسی اوتکنغه‌ قوشولغاندور. اما روسیه بو مملکت غه آسان لیق بیله‌ن‌یر له شادی. تورکستان نڭ او ستیغه ۱۶ نجی عصر نهایت لرینده باشلانغان بو استیلا، ۱۹ نجی عصر نڭ اخیر لرینده تکمیل لاشتوروو لمیش دور. هندستانغه چیقاق و بحرالهند غه یول آچاق مقصدی بیله‌ن کیریشیلگان بو تورکستان محاربه سی روس لر او چون کوب قیمت لیک تمام بولغاندور . هر بر غریچ توپراق لرینی قاتیغ مدافعه قیلغان تورکستان لیق لر روسیه نڭ فائق قوه‌ت لری و عصری سلاح لری مقابلینده مغلوب قالغان بولسه مو، برنجی جهان اوروشی اثناسینده عمومی آیاقلانماغا موفق بولوب روس حاکمیتی دن قورتولماقغه تشبث قیلمیش لر. بو اثنا دا یوز مینگلر چه تورکستان لیق لر قیلیچ دن کیچیریلدی. اوی لری، معمور جایلری او تغه تویولوب ملیون لر چه انسان لر قوشنه مملکت لر غه پناه آلماقغه مجبور قالدیلر. لیکن بو مجادله دن بریل سوڭرا ۱۹۱۷ داکی روس انقلابی دن کوب فایدالانماقغه اورونغان تورکستان لیق لر خوقند دا بر ملت مجلسی چاقریب برملی حکومت قوردیلر . لیکن بالشویکلر تورکستان لیق لرنڭ بو مدنی و انسانی یولغه آتقان قدم لرینی قان واوت اچیده بوغدیلر. بوحقسیز لیق غه قارشی ینگی دن آیا قلانغان تورکستان لیق لر غیر مساعد و غیر مساوی شرط لر آستیندا اون یل دن زیاده مقاومت کورساتدیلر. بالشویک لر برملی بر لیک قورماق لرینی مانع بولماق اوچون ملی، قومی، جغرافی، اقتصادی، دینی، مدنی، و تاریخی بر وحدت تشکیل قیلغان تورکستان تورک و مسلمان لرینی سوزده مستقل متعدد دولت و ملت لرغه آیریدیلر. الفبا، یازولرینی روسله‌شتوردی . تیل، دین، تاریخ و ادبیات لریغه قدر مداخله قیلدی. تعلیم و تربیه سیستم لرینی

بوزدیلر . عین زماندا[16] آلدی آرقاسی کسیلمه‌گه‌ن روس مهاجرلری بیله‌ن تورکستان قبیله لرینی روسله‌شتورماکغه اورونديلر . خالی و اهالی سیز یر لرگه آباد قیلماق بهانه سیله روس مهاجرلرینی تورکستان غه آلیب کلیب او لرنی اڭ منبت یرلرگه جایلاشتوروب خاق لر نی فلاکت غه محکوم قیلماقده دور. بوسیاست غه قارشی کیلگان تورکستان لیق لرنی قافله لیک قافله لیك حالت دا یورت اریدن اوزاقلاشتوروب محو قیلیب ایتماکغه چالیشماقده دور لر . تورکستان نڭ بو گونگی توروەی زار لر دورینده‌کی غه او خشا ایران ، افغانستان و تیبت آرقالیق پاکستان و هندستانغه توغری یایلماق او چون بر عسکری اس تیارلاماقدن عبارتدور .

شرق تورکستان ایکی عصر ایلگری چین طره فندین اشغال قیلنیب بو اشغال اوروشیده ملیون لرچه آدم لر قربان بیریلگاندور. بونگغه رغماً بو او لکه نڭ خلقی بوگون غچه لیک بو اشغالغه قارشی مجادله قیلیب کیلماکده دور. مخصوصاً چین کامونیست لری ۱۹۴۹ نجی یلی بواولکه غه قیلغان تجاوز لریغه متعاقب یوز لرچه ملیت پرور لرنی اولتوروب تاشلاب ملیون دن زیاده چین مهاجر لرینی آلیب کلیب جایلا شتورغا ندور لر . بونڭ نتیجه سیده اهالیلر اوی و زمین لرینی بو ینگی کیلگان مهمان لرغه بوشاتیب بیر ما کغه مجبور قیلیننغان.

اوستونداکی معلوم بولغان حقائق غه قاراغاندا انیقسه روسیه نڭ آسیا قسمتی دا کی مسلمان نفوسی بتون لام یوق بولوب کیتماک خطره سیگه معروض بولوب قالغانلر . اولرنڭ اوی لری اشغال قیلنیب ، عائله لیکعنعنه لری لغو و اوزلری آزاد لیق حقوق دن و اوز مقدراتی نی اوزی تعیین قیلیش حق لردن محروم قیلیننغان . او لرنڭ الفباسی روسله شتوروب تیل ، ادبیات ، قیمت لیك اثر لری نڭ استعمالی بورژوا و کاپیتالیست دیگان بهانه لر بیله ن منع قیلیننغان . مینگ یل لردن بری عبادت قیلیب کیلگان دینی قانون دین تاشقاری اعلان قیلیندی . مسجد لر ، مدرسه لر قاپا تیلدی . بر نرسه غه مالك بولماق ، اراضی دن حصول چیقارماق تجارت و شونگغه او خشا ایش لر . منع قیلینیب بتون

خلق اقتصادی قیین چیلیق غه تابع توتولغان . او لرنی مجبوری ایش غه تاشلاب و فلاکت لیك، محرومیت غه مبتلا قیلینغان لر . مملکت نڭ اکتیف و منور طبقه لری یوق قیلینغان . روسیه داکی آسیا لیق مسلمان خلق لر ملیون لر حسابیده اوز لری نڭ اوی لریدن تهجیر قیلینغان و او لر نك اور نیغه روس مهاجر لری کلتورولوب اولتورغوزولغان . اگر بوتاشقاریدین تومور پرده نڭ اچیغه قاراليب باقسه برمونچه جمهوریت لر و خود مختار علاقه لر کورولها کده اولور . لیکن در حقیقت روسلر نڭ فایده سی او چون تورکستان نی یوق قیلماق مقصدیله یورگوز گه ن سیاستی غه ایشله ته دورغان آله لردن باشقه بر نرسه ایماس دور . بو جمهوریت لرنڭ حتی بر خارجی سیاستی یوقدور ، شونداغ ، عسکری اداره قورماق و داخلی ایش لرینی اصلاح و تغیر برماک او چون قایداغ بر صلاحیتی یوقدور . او لرنڭ اقتصادی و کلتور لیق انکشاف لری بتون لام مسکو فائده سیغه تمرکز لاشکاندور .

آسیا لیق مملکت لرنڭ بو خصوص لوق و بز لرنڭ ایزیلمه کده بولغان فاجعه میز حقیده و[17] حالانکه او لرغه مکمل معلوم بولوب تورو غلوق ، برار التفات حسی اظهار قیلمه غانلیق لری خیلی قابل افسوس دور .

# قوشومچه ۲

آسیا نڭ مسلمان خلق لریغه تطبیق قیلینیب کیلگان عمومی تهجیر حقینده[18] بر فکر بیر. ییلسون او چون بو توبنده‌کی مثبت مثال لر نی تقدیم قیلماقنی لازم کوردوک.

۱۹۴۳ نچی یلی دکابر آییده قبول قیلینیب ۱۹۴۴ فبرار ۲۳ نچی ده عمل غه آشورولوب و ۲۵ نچی جون ۱۹۴۶ رسماً اعلان قیلینغان بر فرمان موجبینچه چچن - انگش خود مختار جمهوریتی ۸۰۰,۰۰۰ نفوسی لری بیله ن، قاراچی - بالقار خود مختار جمهوریتی ۳۵۰,۰۰۰ خلق لری بیله ن و ۴۰۰,۰۰۰ نفوس لوق قریم خود مختار جمهوریتی، دشمن بیله ن همکار لیق قیلغان سبب دن دیگان بهانه بیله ن لغو قیلینماقغه قرار بیریلگاندور. بو رسمی بیاننامه دا بو نیسی هم علاوه قیلیندی که بو جمهوریت دا یاشاغان هرایر، خاتون، قری یاش و کچیک بالا لر اوز جایلریدین یوتکه لیب روسیه نڭ شمالی علاقه لریدا اوزاق جایلرغه سورولماکی لازم دور.

امدی بو یمان فرمان نڭ قایداق عمل غه آشورلغانلیقی نی این - کی - وی - دی (N. K. V. D.) لشکر لرینی چچنستان علاقه سیده شخصاً اداره قیلغان لیفتننت کرنیل برلوتسکی Lt. Col. Burlutski آغزیدن ایشیتسه نگیز بولا دور.

قفقاسیانڭ ایگیز تاغلری نڭ اوستیده واقع بولغان چچن - انگش خود مختار ساویت سوسیالیست جمهوریتی اوروشقاق، تاغلیق قبیله لر بیله ن آباد بولوب عصر لرچه روس جهانگیر لری نڭ او لرنی ینجه ماک سیاستی غه قارشی مقاومت قیلیب کیلگه ندور لر. بولرنڭ اوستیغه روس لر فقط ۹۰ یل ایلگری مسلط بولماقغه موفق بولمیش لر. انقلاب زمانیده بو تاغلیق لر اوز استقلال

لرینی قایتا دن اعلان قیلغان بولسه ده امابلشویک لر طرفندن یوق اتیلدی . معهذا کین راق بالشویک لر روسیه بر لیکی غه قاتیلماق شرطی بیله ن بر درجه لیک مختاریت حقی برماکنغه مجبور قالدیلر .

گرمانیا او روشی شروع بولغان زمان تولدن کیتگه ن استقلال لری نك حصولی او چون قایته دین حرکت غه باشلا دیلر . چون گرمانیا عسکر لری ایلگر یلاب آلدی اگیت لرینی تاغلیق علاقه لرغه تاشلاغالی باشلاغان زمان چچن - انگش لر قینجال لرینی تیرلاب ، ملتیق لرینی تیز لاب روس حاکمیتی بویاندیریقی نی یلکه لریدن آتیب تاشلاماقغه تیارلیق قیلیشدیلر . اما گرمان لر آرقاغه قایتماقغه مجبور قالغانلریدا چچن انگش لر مو اوز زراعت ایش لریغه قایتماقغه مجبور قالدیلر .

یا نوار ۱۹۴۴ ده روس عسکر لریدین بیوك قول لر امیرکا دا یاسالغان بیوك ماشین لر دا اولتوروب او لر اولتورغان وادی لرغه[19] کیلگانی باشلادی لر. او لر نك ایتقانیغه کوره بوعسکر لراستراحت قیلماق و تاغ اوروشی اصولینی اوگره نمه ک او چون کیلمیش ایکه ن لر. قریباً برآیدین زیاده برمدت اچیده او لربتون علاقه اچیده آیلانیب صنعی حرب لر یاساب ، خندق لر قازیب ، کوپروک یول لر نی مرمت لاب[20] دیگاندیک ایش لر نی قیلیب اوز لرینی خلق غه پسند کیله دورغان بر حالت غه کیلتو روشدیلر . بو روس عسکر لری آراسینده او علاقه غه مساعد حدود محافظ لری هم بار ایدی . اولرچچن انگش غه کیلگاندین باشلاب او لرغه منظم یونیفورمه لر بیریلگانی باشلادیلر . بوندن مقصد او لر نك پنطلون و ینك لریده کی این - کی - وی - دی نك نشانلری بولغان کوک ، هیبت لیك نشان لردن خلق لر قورقوب کیتماسون دیماک اولور ایدی . بولر نك باشلیقی لفتننت گنرال ایوان ای . سیروف Lt. General Ivan A. Serov دیگان برکشی ایدی . بوکشی مرکزینی چچن انگش جمهوریتی نك مرکزی گرازنی دا قائم قیلغان ایدی. بو آدم بیمار کورونوش لیك کوک چهره لیک بر آدم بولوب ینگی دن حکومت امنیت قومیته سی نك باشلیقی تعیین قیلینغان ایدی. بوکشی

کوب بی رحم بر آدم بولوب بتون قیلغان چرکین ایشلرینی تونقوز غه اوخشاغان بر موقع شناس لیک بیلان اجرا قیلمیش دور.

منیڭ عسکری قولوم نوو و سسکوی غه تعیین قیلینغان ایدی بو شهر کچیک بر شهر بولوب نفوسی ۳,۰۰۰، تاغ نڭ او ستیده تنک بروادی نڭ یقینیده واقع ایدی. بز اویرگه بارغاندن آلتی هفته کین نووسسکوی نڭ کاموونیست مجلسی غه ینکی دن کیلگەن عسکر لر او چون ۲۳ فبرار آرمی کونی مناسبتی بیلەن طنطنه لیق بر قارشیلاماق مظاهره سی کورسه تولسون دیب گرازنی دن امر یتیب کیلدی. مسلح عسکرلر نهایتی حرار تایلک بیلان شهرنی تمیز لاماق، کوچه لرغه بایراق آساق، لوحه لر تیار لاماق وغیره ایش لر دا همکار لیق قیلیش دیلر. بولوحه لر دا اورتاق لیق، و ابدی دوستلوق شعار لری یازیلغان و فرقه لیدر لری نڭ صورتی آسیلغان ایدی.

۲۳ فبرار نهایتی یا خشی پار لاق بر کون ایدی، او گزه لر و چمن زار لر دا قاریاییلغان. تیک ساعت ۹ دا شهر نڭ بتون نفوسی شهر نڭ منبر قویولوب آراسته بولغان میدانیغه قاراب یورماکغه با شلادی. ینکی کیلگان رژیمنته نڭ باشلیقی برقانچه معاون لری و خفیه پولیس افسری میجر خورین و باشقه محلی کاموونیست کته لری بیلەن او منبر دا اولتوروشدیلر. سوڭرا چچن و انگش لر اوزلری نڭ طنطنه 'یق عید لیق عرف و عادت لری بیلەن اولرنڭ آلدیدا اشله اوقوب، رقص قیلیب، نەی چالیب خوشحال وخرم لیک حالت دا کچیت قیلیشدیلر. منبردا اولتورغان لردن علاوه بر قول قزیل عسکر او لردن هر بر اوتکان قول نی حرار تله قارشیلاب سلام بیریب توروراایدی. بو میدان نڭ بربولینگیدا من آتیم غه مینگان حالت دا بو کچیت مراسمی نی قاراب تورغان ایدیم.

منیڭ قول لریم شهر دن یوقاری بر توپه دا تعلیم حاصل[21] قیلیواتقان ایدی. لیکن من کورونوب تویاش مصلحتی بیله ن بو مراسم غه قوشول غان ایدیم.

محلی افسر لر قزیل آرمی نی قارشیلاب و بتون روسیه خلق لری نڭ برادر لیکی نی آلغه سوروب نطق لر سوز لادی لر. رژیمنته نڭ باشلیقی خلق لر غه

خطاب قیلیب سوزلاگان سوزیدا ''عسکر لر دائما روسیه خلقی و انیقسه یاخشی وفادار چچن ، انگلش خلق لری نك منفعتی غه خدمت قیلماقغه تیار لر دیب وعده لر بیرگان بولدی .

بو خوشحال خلق بیلەن توزولگان مراسم اوجیغه یتکان زمان ینه برکشی منبر او ستیغه چیقدی . بو آدم منبر او ستیغه چیقیشی بیلان او ایلگرکی شوقیم و هررا لر آهسته ، آهسته خاموش ایقغه آیلانغیلی باشلادی چونکه قارشیلیق استخبارات افسری میجر خورین همه نی خاموش لیقغه امر قیلغان ایدی .

مذکور خورین قوروغ و کسیک بر آواز بیلەن سوزگه باشلاب دیدی! ''امدی[22] بونیسی محقق بولدیکه گرمان لر روس علاقه سینی اشغال قیلغان دور لرده چچن - انگلش جمهوریتی خلق لری دشمن گه یاردم قیلیب ، او لر بیلان همکار لیق قیلیب ، باندیت قول لری تشکیل و تزیل عسکر لر غه قارشی یمان ، دشمنانه حرکت لرده بولغان ایکان لر . بونداغ قیلیشیب اولر روس قوه تینی برهم برگان و کامونیزم دشمن لریغه یاردم قیلغان ایکه ن لر .

میجر خورین بونداغ دیب تورغاندا خلق لر نا آرام بولغانی باشلادی و اونگغه قاراب توردیلر . میجر خورین اوز سوزیگه دوام بیریب دیدی : ''منه شو سبب لر باعث لیق کامونیست فرقه سی و روس حکومتی چچن - انگلش مختار لیق جمهوریتی نڭ خلق لرینی ابدی صورتده روسیه نڭ یراق علاقه لریغه سورگونله ماکغه قرار بیرمیش دور .

بونی ایشتیلگان زمان میداندا چونقور بر خاموش لیق حکمفرما ایدی . من تشویش بیلەن عسکرلرینی قویوب کیلگان توپه نڭ او ستیغه بر نظر تاشلادیم . مذکور خورین سوزیگه دوام بیریب شونداغ دیب تورغان ایدی : ''بوامر لرغه[23] اطاعت قیلمای آزغنه برمقاومت کورساتیلسه گویا فرقه وحکومت غه قارشی نافرمان لیق دیگەن بواوب اونداغ حالت دا عسکرلر ایکنجی قایتیب اخطار قیلماسدین اسلحه ایشلاتمه کغه مجبور قلغای . آرتزق مقاومت نڭ فایده سی یوقدور . بتون شهر عسکر لر بیلەن احاطه قیلینغان بولوب و سیز لر تورغان

بو میدان توپ و تانقه لر بیله ن توسولغاندور''.

میجر خورین سوزینی بتیرگان زمان منیڭ بتون کیچه سی خندق لرنڭ اچیده ملتیق لرنی قول‌لریدا تیار توتقان حالت دا یا شیرین یاتقان وشیمدیلیکده توپه دین چیقیب تورغان عسکر لریمغه اشارت قیلدی. میدان یقینی دا ینه برقول عسکر مو حرکت غه باشلادی. او لر نڭ قولیدا مو ملتیق لر و مترالیوز ار تیار ایدی.

برلحظه اوچون هیچ قایداغ برآواز یوق ایدی. حتی برحرکت هم یوق ایدی. سوڭرا گویا بر اشارت بولغاندیک میداندا توپلانغان خلق مسکو بیله ن اورتا قلیق غه نشانه قیلیب آسیلغان با یراق لرنی ستالین، وراشیلوف، مولوتوف و بیریا نڭ صورت لرینی زمین غه تاشلاب ایتدیلر. فقط بو نافرمان‌لیق اولرنڭ یالغوز قیلغان جرئتی ایدی. خورین نڭ امری بیله‌ن دفعتاً اولرنی میداندا تیزیلگان عسکر لرنڭ آرا سیندین بربر آهسته آهسته اوتکاز گالی باشلادی. و همدا اولرنڭ بوپارلاق موقع اوچون اوز لریغه تاقاغان زینت ایلک مراسم لیق قینجال لرینی تسلیم بیر ماکغه حکم بیریلدی. اولرنی اول تورت تورت قطار تیزیب شهرنڭ تاشقاریده شال چیقیب تورغان برچمن زارلیق غه توپلاغانی باشلادی. بو یردن اولرنی امیرکا دا یا سالغان چرایلیق ما شین لرغه یوکلاب گرازنی نڭ پا یزد استانسه سیغه قاراب یورولدی. بویردا اولرنی حیوان لر واگون لریغه قایتادن یوکلاب روسیه نک اوزاق نا معلوم جای لریغه آلیب کیتدیلر.

عین حالده شهردا این، کی، وی دی ایشجی لری اوی اوی لرگه باریب 'بر ساعت اچیده حرکت غه تیار بولینگلر' دیب خبر قیلغانی باشلادی لر. هر برعائله اوچون ۲۲ . پونته‌دن زیاده برنرسه آلیا قغه اجازت یوق ایدی. برساعت دین کین خاتون لر، قیری آدم لر وبالا لر، بوبک لر هم ماشین ارغه یوکلانیب پاییزد طرفیغه قاراب هیدالدی. بیچاره لر یوک لرینی یلکه لریغه یوکله‌گه‌ن حالت دا قار لردن اوتوب ساوق، جوزه سیز، انتظام سیز حیوان لرموتور لریغه یوکلانیب آلیب کتیلدی.

عين شو وقتدا بوفجيع منظره او جمهوريت نڭ هر بر شهرو علاقه سيده كوروله كده ايدى.

بيچاره خلق لركتيب بولغاندن كين بتون علاقه دا عجيب بر خاموش ليق حكمفرما ايدى. اين، كى، وى، دى. آدم لرى نڭ اياق لرى نڭ توروق، توروق آوازى دين باشقه برنرسه ايشيتيلماس ايدى. كين اولر خندق جاى لرينى بوزوب تاشلاب شهرنڭ محلى مكتب لريداكى جاى لريغه قايتيب كليب چقور خاموش ليق اچيده قيلغان فاجعه لرينى چقور اويلاشيب اولتور غان ايديلر.

ليكن اين، كى، وى، گردى نڭ قول لرى، اگيتر لرى، و مخبرلرى بونداغ خاموش اولتورمادى لر. اولر وتكا و شراب تاپا ميزديب بوتون شهرنى قيد يردى لر. كوچه دا تاپقان قوى، مال لرنى بوغوز لادى لر. اوى لر. اوى لردا قيمت ليك نرسه لر بولسه تالا دى لر. بر قانچه ساعت اچيده اوايلگريكى خاموش لوق اولرنڭ بو طريقه بيله ن قوپارغان الاتوپالانكى بيله ن سينغان بولدى. اولرنڭ شراب اچيب، مست بولوب بوتون كيچه رقص و سرود لرى اوبختيار ليق ملت نڭ اولوشى اوچون اورو لغان قاتيغ بر ضربت ديماك اولور ايدى.

امدى برقانچه سوز بو موضوع غه علاوه. قيليب اوتا يلوك - چچن - انگش - قاراچى - بالقار و تريم خلق لرى نى اوستون دا ذكر قيلينغان طرز دا بر جايغه توپلاب برينى برى نڭ اوستيغه قيليب باسيب يوكلادى لر. واگون نڭ هر بر طرفيده ۸۰ - ۹۰ دن آدم باسيلغان ايدى. ۲۵ - ۳۰ كون دوام قيلغان اوزون بر سفر اثنا سبيده طاماق، سوديگان نرسه او لرغه بيريلماس ايدى. اولرنڭ كوبى آچليق دن و آكسيجن يتماگانليك دين بولدا 'ولوب كيتديار. واگون لرنڭ ايشيگى ايكى، اوچ كوندا بر مرتبه اولگان (شهيد) لرنى آتيب تاشلاماق اوچون آچيلور ايدى. بو اولگان لرنى اين، كى، وى، دى. آدم لرى (بولر بورى لرنڭ نصيب لرى) ديب نيزه لرنڭ اوچى غه قيسيب آتيب

تا شلار ایدی لر. تا که بالاخره اولرنڭ اچیده [24] وبا چیقیب کیتکو دیك قدر حالت یمان بولوب کیتکان ایدی. اولرغه قاز اقستانغه یتیب کیلگانـدا قاز اقستان نڭ بعضی مسلمان خلق لری یاردم قیلما قچی بولسه لر این' ک' وی' دی آدم لری طرفینـدین منع قیلینـدی.

روسیه نل قانون اساسیغه کوره هر بر ملت اوز مقدراتی غه اوزی ایگه بولما قغه حقلی دور. اگر بو ملت لر نڭ بری ساویت برلیکی نی ترك قیلیب چیقیب کیتماك ایستا سا لر شونداغ قیلما قغه حقی باردور. امابو مسئله نڭ نظری طره فی دور. عملی نقطهٔ نظریغه کیلگا ندا ؛قیقت برعکس دور.

اوستونـدا ذکر قیلینغان حالت قزیل جنتی داکی حقیقت لرنڭ ایچ یوزینی آنگلا تتورا دور غان حقیقت لر دور. امدی بتون شرق ملت لری بو حالت نی شو نقطه را توختا تیب بو خصوص لیق توشونوش لری لازم دور.

## NOTES

1. دیگان serves to stress اشغال the logical subject of the expanded past participle ایکان لیکی نی here used as direct object of کورساتکاندور. The grammatical subject is ترسه نك while اشغال is the direct object of the relative participle دیگان : *shows how horrible .... the thing called occupation* is or simply *how dreadful .... is occupation.*

2. The quotation particle دیب sets off a direct speech: حالت میزنك نهایتی آغیر لیقی نی تقدیر قیله بیلیر سیز *that you will be able to appreciate the extreme gravity of our situation.* The present writer often uses the Turkish verb of possibility, bil- in place of the more usual al- (both with the present gerund).

3. In the expression بونك لیق بیلان *by this,* لیق is an emphatic particle, with قیلغان understood: *by doing this.* The relative particle -ki is used twice: نیمه قیله میز؟ که *what are we to do, as ....* and کورسه ته دورگی *shows that ....* .

4. کیلگه نلرینی is a past participle used as a noun and the direct object of the finite verb قایتاریلسون which is in the form of a third person imperative and has a complement in the dative case اوز جایلریغه : *let those who had come previously be returned to their own regions.*

5. The main verb طلب قیلنسون has an ablative complement (at the beginning of the sentence) حکومت لریدن : *let it be demanded .... of the governments* or *let them demand ....* . The main verb governs two indirect statements set off by دیب : عین ... حقوق و آزاد لیقی نی تانیسون *that they recognize the same rights and liberty ....* and تطبیق بیرسون *that they apply ....* .

6. بيرمك لرينى is an unusual use of the infinitive. With the third person plural possessive suffix and in the accusative case it expresses indirect discourse in conjunction with the principal verb سورايميز : lit., *we ask their giving*. بيرمك لرينى has an indefinite direct object موقع which has an infinitive complement بيانيه بيرمك . Thus, *we ask that they give us an opportunity to give .... explanations .... .*

7. The relative participle بولغان modifying آذربايجان expresses *which there is* and with the possessive suffix on باكو پايتختى is a construction to show possession: *Azerbaijan, which has Baku as its capital.* The relative participle پاشاب كيلگان modifying تاريخى شروان has a secondary predicate functioning as an adverb بر مستقل دولت بولوب *historical Shirwan, which (long) existed as a free country.*

8. The past participle in -ğan plus the possessive suffix used with bar/yoq constitutes a form of the present perfect tense. It denotes that the given action was definitely completed in the past. Thus, بو مجادله توختاغانى يوقدور *this struggle (definitely) has not ceased* or *this struggle never ceased.*

9. The suffix -dik is the Turkish equivalent of the East Turki -ğan; thus معروض قالديغى is a relative participial modifier of حقسيزليقغه : *to the injustice to which they had been subjected.* In the indirect statement the past participle اولغانليقى نى has the Turkish stem ol- in place of the usual bol-: *they hoped that there would be given .... .*

10. خواه ... بولسون ... خواه ... بولسون *let it be (at one time) .... and let it be (at another)* or better *both .... and.*

11. ايسه (ise) is the Turkish equivalent of bolsa *if there is* or *as for, as regards.* Here it functions as a coordinate conjunction, *and.*

12. تاياناالماسدن is a negative form of a secondary predicate: lit., *without being able to rely on.* See note following.

13. A second form of a negative secondary predicate is تانیمای . Its subject is قریم لی لر , the subject also of فایده لانیب and of the main predicate تدبیرلر آلماققه باشلامیش : *the Crimeans, not recognizing ..., took advantage of .... and began taking measures ....* .

14. Here بولغانغه اوخشا *like being* is used in place of the more usual form in -ğandäk with the meaning *as, just as* or *as if*. بولغانغه اوخشا is the verb of a clause of comparison and has the subject توركستان ; the predicate of the main clause is باشلیق مركزلریندین بیری دور . Thus, *just as Turkestan is the motherland of ...., it is the chief center of ....* or better *Turkestan is the motherland of .... as well as the chief center of ....* .

15. بولسه is employed here as a conjunction between two main clauses چین امپریالیزمی .... اوچورماك اوچون عصرلرچه چالیشقان and روس استیلاسی اونگه قوشولغاندور *the Chinese imperialists had tried for centuries to extinguish .... and .... the Russian occupation joined them ...* .

16. آلدی آرقاسی كسیلمه‌گن is an idiom literally meaning *which was front and back unbroken* but better rendered *who came continuously* or *ceaseless caravans* or simply *en masse*.

17. The ending -uğluq, attached to verb stems, forms a little used definite perfect tense; the action of the given verb is known to be a fact. Thus, حالانكه اولارغه مكمل معلوم بولوب توروغلوق *although this has been perfectly (well) known to them.* The subject of the sentence is the expanded past participle: آسیالیق مملکتلرنك ... بوار التفات حس اظهار قیلمه‌غانلیقلری خیلی قابل افسوس‌دور lit., *the Asian countries, not showing any reaction is very properly a pity* or *it is very regrettable that the Asian countries have not expressed any reaction ....* .

18. The post-position üçün is employed idiomatically with the third person imperative in -sun to express purpose or wish: بر فكر بیره بیلسون اوچون *in order to give an idea ....* or in subjunctive form *in order that it might give an idea ....* . The word bil- *know* here replaces the more usual al- to express *can*.

19. كيلگانى is a variant form of the non-temporal gerund of purpose in -ğali: كيلگانى باشلادى لر *began to arrive* or *began arriving.*

20. ديگانديك lit., *as if one says* but here *such as.*

21. تيليو اتقان is a variant form, reflecting the pronunciation, of the progressive tense in the past: تعليم حاصل تيليواتقان ايدى *were training (at the given moment)*. The usual form is -ip yat-.

22. Note the use of the relative particle, -ki (and variant spelling): بونيس محقق بولديكه *it has been established that .... .*

23. اطاعت قيلماى is a secondary predicate to كورساتيلسه which is subordinate to ديگن بولوب . In turn, ديگن بولوب is a secondary predicate to the principal verb of the sentence اسلحه ايشلاتيه كيه مجبور قالغاى which in addition has another secondary predicate, in the negative form, اخطار قيلماسدين , functioning as its adverbial adjunct and hence more closely related to it. Thus, these verbs line up as follows: *if these orders are not obeyed and if any resistance is shown ...., it will be considered .... and, without any warning, it will be necessary to resort to armed action.* تاپتيپ usually means *again* or *repeatedly;* here as a secondary predicate to اخطار قيلماسدين it states literally *without repeating.*

24. The verbal ending -ğudäk expresses an action likely or about to begin. The verb is used here with qadar (*so* or *so much*), which closes an adverbial clause, وبا جيقيب كيتكوديك قدر , subordinate to the main clause of the sentence, حالت يمان بولوب كيتگان ايدى : *conditions had become so bad that infectious epidemics began to spread .... .* In the following sentence the construction expresses possibility and the verb in -ğudäk is equivalent to an infinitive: بو شهرده بيرور ايشكه اورنوشوپ الغيچه ياتيپ تورغيده ك تونوش- بيلىشى يوق . *He did not have a friend to stay with until he could find some job in the city or he did not have a friend that he might stay with .... .* (From Nadzip's *Uygurskiy Yazyk,* p. 65).

## VOCABULARY

| | |
|---|---|
| تقديم قلماق | *submit, present* |
| مخطرة | *memorandum* |
| رئيس | *chairman, president* |
| معروضه | *petition, appeal* |
| حضرت | *excellency* |
| قشون | *army* |
| بين الملل | *international* |
| قانون | *law* |
| ترسينده | *contrary* |
| سلاح | *arms* |
| تايانماق | *depend on, rely on* |
| جهانگيرليق | *imperialism* |
| استبداد | *despotism* |
| ينجيلماك | *be crushed, groan* |
| وكيل | *representative* |
| جناب | *noble* |
| امنيت | *security* |
| خاطر | *memory; consideration, sake* |
| توقع قيلماق | *expect, wish* |
| نجيب | *noble* |
| تلقى قيلماق | *take as, consider* |
| تجربه | *experience* |
| مدهش | *horrible, dreadful* |
| تقدير قيله بيلماك | *be able to appreciate* |
| قطعى ليك | *certainty* |
| متيقين | *certain, sure* |
| خلل | *harm, damage* |
| مگر | *but, however* |
| پرده | *curtain* |
| انكشاف | *development* |

| | |
|---|---|
| واضح | clear |
| فاجعه | tragedy |
| قیاس | comparison |
| موجودیت | existence |
| محو | distruction |
| نابود قیلماق | disappear |
| تمثیل قیلماق | represent |
| قفقاسیا | Caucasus |
| آیریلماس | inseparable |
| تأمین | guarantee, assurance |
| ضروری | necessary |
| اهمال | negligence |
| تاخیرله مك | delay, postpone |
| عاقبت | end, outcome |
| باعث | cause, result |
| لذا | therefore, thus |
| تکلیف | proposal |
| اهتمام | care, attention |
| ملاحظه قیلماق | consider, think |
| متواضعا" | humbly |
| خواهش | wish, demand |
| ذکر قیلماق | mention, report |
| ظلم | oppression |
| استبداد | despotism |
| قتلعام | massacre |
| تهجیر | deportation |
| قایتارماق | return |
| مهاجر | immigrant |
| آقین | flow, rush |
| عین | same |
| اوز مقدرات | self-determination |
| تعیین قیلماق | fix, determine |
| مالك بولماق | possess |
| دکله راسیون | declaration |
| منشور | rules |
| عملا" | practically |
| تطبیق | application |
| طلب قیلماق | wish, demand |
| حالت | conditions |
| تحقیقات | investigation |

| | | |
|---|---|---|
| آشورماق | عمل غه | carry out, put into effect |
| | حضور | presence, audience; attention |
| | مفصل | detailed, full |
| | بيانيه | explanation |
| | موقع | opportunity, position |
| | طرفندن | on behalf of |
| | سابق | former |
| | بوياندريق | yoke |
| | بويينچه | throughout |
| | مساحه | area |
| | مربع | square |
| | نفوس | population |
| | احصائيه | census |
| | مختصرچه | in brief, abridged |
| | معلومات | information |
| | تفصيلات | data, particulars |
| | پايتخت | capital (city) |
| | مستقل | independent |
| | اراضى | lands, realm |
| | معروف | well-known, noted |

| | | |
|---|---|---|
| | شاعر | poet |
| | وطن | home |
| | استاد | master, expert |
| | رسام | painter |
| | فاصله | interval, period |
| قالماق | معروض | be subjected to |
| | اسارت | bondage, slavery |
| | مدنى | cultural |
| | عنعنه | tradition |
| | شعور | consciousness, mind |
| | سايه سينده | thanks to, because of |
| | عصرى | modern |
| | آليشماق | get accustomed to |
| | اجتماعى | social |
| | ساحه | field |
| | موفقيت | success |
| | مجادله | struggle |
| بولماق | موفق | succeed |
| | زارليق | Czardom |
| | سقوط | fall |

| | |
|---|---|
| استفاده قیلماق | *take advantage of* |
| غالب | *victorious* |
| تعرض | *attack* |
| مقابله قیلماق | *resist* |
| مقاومت | *resistance* |
| تا | *up to, until* |
| پرور | *-loving; patriot* |
| قافله قافله | *group by group* |
| قطب | *pole (earth)* |
| جزیره | *island* |
| سورگو | *exile* |
| روسله شترمه | *russification* |
| استثمار | *exploitation* |
| مستملکه چیلیك | *colonization* |
| محکوم | *subject, dependent* |
| خضر دینگیزی | *Caspian Sea* |
| خط | *line* |
| سلسله | *mountain range* |
| حدودلانماق | *be bounded* |
| آمراق | *loving* |

| | |
|---|---|
| قبیله | *tribe* |
| موءلف | *author* |
| مسکون | *inhabited, peopled* |
| سیاح | *traveler* |
| شهادت | *testimony, evidence* |
| محافظت اتمه ك | *keep, preserve* |
| منصب | *mouth (river)* |
| قهرمانچه | *heroically* |
| بالخاصه | *particularly, especially* |
| شهامت | *bravery, courage* |
| داستان | *epic* |
| کسیلمه گه ن | *inexhaustible* |
| فائق | *superior* |
| ناچار | *helpless; obliged* |
| دچار اولماق | *subject to* |
| منبت | *fertile* |
| ترك ایتمه ك | *abandon* |
| سیغینماق | *take shelter, refuge* |
| هایدالماق | *be driven* |
| اولاشماق | *reach* |

| | |
|---|---|
| لیمان | port, harbor |
| مامور | official |
| اثر | book, work |
| ثابت | confirmed, proved |
| ساحل | shore, bank (river) |
| عنصر | element, component part |
| قوم | nation, people |
| قلیج | sword |
| بوشاماق | vacate |
| خاتمه | end, conclusion |
| خواه | whether; at one time |
| قوشنه | neighbor |
| تصدیق قیلینماق | be ratified, approved |
| صحنه | scene, field |
| مغلوب قیلماق | defeat, overcome |
| تانوشلوق | recognition |
| کیفیت | quality, condition |
| اونوتماق | forget |
| لغو قیلماق | abolish, annul, cancel |
| وحدت | unity |

| | |
|---|---|
| پارچالاماق | divide, tear apart |
| جنس | kind, race |
| بهانه | pretext, excuse |
| مختلف | various, different |
| ایالت | province |
| اولتورا | middle, among |
| اولتورادین کوتارمك | remove, abolish |
| قانون خارجی دا | illegal, outlawed |
| ثروت | wealth |
| تالیماق | confiscate |
| موئسسه | foundation |
| قوروغ | land; dry |
| نقلیات | transportation |
| امحا قیلماق | destroy, annihilate |
| قرار نامه | decree |
| شامل بولماق | comprise, include |
| یاریم جزیره | peninsula |
| یایله | steppe, pastureland |
| توزلوك | plain, steppe |
| آلتون | gold, golden |

| | | |
|---|---|---|
| | عثمانلی | Ottoman, Osmanli (Turkish) |
| | معاهده | treaty |
| | یمین | pledge |
| اینلماق | تعهد | be pledged, promised |
| | محض | pure, mere |
| | قربان | sacrifice |
| | راعیت | respect |
| | الحاق | annexation |
| | متعاقب | subsequent, following |
| قیلماق | تردد | hesitate |
| | املاک | property |
| | ضبط | conquest, invasion |
| | مصادره | confiscation |
| قیلماق | هجرت | immigrate |
| | کلیسا | church |
| قیلماق | تبدیل | change, transform |
| | باقی | remaining, the rest |
| | خطیب | preacher |
| | موذن | muezzin |
| | تضییق | pressure, coercion |

| | | |
|---|---|---|
| | انتخاب | election |
| | قورولتای | assembly |
| | مبعوث | deputy |
| | عالی | supreme |
| | شورا | council, soviet |
| | عام | general, mass, public |
| | تابع | subject |
| | یاخود | or, else |
| | نهر | river |
| | متصل | joined, adjacent |
| | فتوحات | conquests |
| | اکثر | most of |
| قیلماق | تکیه | support |
| | فقرات | vertebrae |
| | عمودیه | column |
| | کمر | belt, waist |
| | سونگ | back, end |
| | وارث | heir, inheritor |
| | مناقلات | communication |
| | عرفان | knowledge, culture |

| | |
|---|---|
| قلعه | fort, stronghold |
| موجب اولماق | cause, lead to |
| تایانماق | lean to, advance |
| ایسیق دینگز | Indian Ocean |
| بحر الهند | Indian Ocean |
| سودا | passion, fancy; trade |
| معصوم | innocent |
| کاملاً | completely, entirely |
| علاوه | addition, annex; in addition |
| جبری | compulsory |
| عیسائی لاشترمه | Christianization |
| مقاومت | resistance |
| سوندورماق | break |
| ادبیات | literature |
| مطبعه | printing works |
| گویا | as if |
| مخصوصاً | especially, expressly |
| علما | scholar |
| آزادانه | freely |
| و غیره | and so forth, etc. |

| | |
|---|---|
| هدف | air, goal |
| سلاله | dynasty, descent |
| بیشیك | cradle |
| شعله | flame, blaze |
| اوچورماك | extinguish |
| تکمیل لاشتورولماك | be completed, perfected |
| محاربه | battle |
| غریج | span; "inch" |
| مقابلینده | facing, against |
| جهان | world |
| آیاقلانما | uprising, revolt |
| تشبث قیلماق | undertake, attempt |
| پناه | shelter, refuge |
| اورونماق | try |
| بوغماق | strangle, suppress |
| غیره | non-, un- |
| مساعد | suitable |
| مساوی | equal, adequate |
| مانع بولماق | prevent |
| متعدد | numerous, different |

| | |
|---|---|
| مداخله قیلماق | interfere, intervene |
| خالی | empty |
| آباد قیلماق | develop, reclaim |
| فلاکت | disaster |
| اوزاقلاشتورماق | banish |
| اس | base |
| زمین | ground, soil |
| مهمان | guest |
| حقائق | truth, reality, facts |
| انیقسه | especially, particularly |
| عائله لیك | family |
| بورژوا | bourgeois |
| عبادت قیلماق | worship |
| قاپاتیلماق | close |
| حصول چیقارماق | utilize |
| تجارت | trade |
| محرومیت | privation, want |
| مبتلا قیلماق | be afflicted, suffer from |
| اکتیف | active, energetic |
| منور | intellectual, enlightened |

| | |
|---|---|
| طبقه | stratum, class |
| خود | self |
| مختار | independent, autonomous |
| علاقه | interest; administration, territory |
| آله ت | tool, instrument, means |
| اصلاح | improvement |
| تغیر | change, modification |
| صلاحیت | authority, right |
| تمرکزلاشماق | concentrate |
| ایزیلمك | be crushed |
| حالانکه | now that, although, whereas |
| برار | any; some, one by one, each |
| التفات | taking notice, appreciation |
| اظهار قیلماق | show, manifest |
| قابل | fitting, right, capable, possible |
| افسوس | wrong, pity, regret |
| مثبت | positive, confirming |
| مثال | example |
| فرمان | decree |
| موجبینچه | in accordance with |

| | |
|---|---|
| همکارلیق قیلماق | *collaborate* |
| لشکرلر | *troops* |
| شخصاً | *personally* |
| واقع بولماق | *occur, be situated* |
| پنجه ماك | *crush, smash* |
| مسلط | *dominant* |
| معهذا | *in spite of this, nevertheless* |
| قاتیلماق | *be joined* |
| مختاریت | *autonomy* |
| شروع بولماق | *commence* |
| چون | *since, when, as* |
| اگینت | *agent* |
| قینجال | *dagger* |
| تیزلاماك | *sharpen* |
| ملتیق | *gun* |
| یلکه | *shoulder* |
| زراعت | *agriculture* |
| قول | *contingent (army)* |
| استراحت | *rest, relaxation* |
| قریباً | *soon, in a short time* |

| | |
|---|---|
| صنعی | *artificial, mock* |
| خندق | *trench, ditch* |
| قازماق | *dig* |
| مرمت لاماق | *mend, repair* |
| پسند | *approval* |
| منتظم | *regular* |
| یونیفورمه | *uniform* |
| پنطلون | *pants* |
| یه ڭ | *sleeve* |
| نشان | *insignia* |
| لفتننت | *lieutenant* |
| قائم قیلماق | *set up* |
| بیمار | *ill* |
| چهره لیك | *face* |
| بی رحم | *merciless, ruthless* |
| جرکین | *ugly, repulsive, dirty* |
| تونغوز | *pig, swine* |
| موقع شناسلیك | *opportunistic* |
| اجرا قیلماق | *perform, execute* |
| تنك | *narrow* |

| | |
|---|---|
| بيقين | side, flank |
| آرمی | army |
| طنطنه ليق | elaborate, gala |
| مظاهره كورمه ك | support, assist |
| مسلح | armed |
| حرارتليق | zeal, enthusiasm |
| بايراق | banner, flag |
| لوحه | placard |
| اورتاق ليق | partnership |
| صورت | picture |
| اوگزه | roof |
| چمن زار | meadow |
| تيك | straight, exactly |
| منبر | rostrum, platform |
| آراسته | decorated |
| رژيمنته | regiment |
| معاون | aide, assistant |
| خفيه | secret |
| افسر | officer |
| محلی | local, native |
| كته | official, dignitary |
| عيدليق | festive, holiday |
| عرف | usage, custom |
| اشله اوتوماق | sing |
| رقص تيلماق | dance |
| نه ی | flute, reed |
| چالماق | play (music) |
| خوشحال | joy, pleasure |
| خرم ليك | joy, pleasure |
| كچيت تيلماق | parade |
| بولونگ | corner |
| مراسم | celebrations |
| مصلحت | purpose; affair |
| وفادار | loyal, faithful |
| وعده | promise |
| اوج | peak, tip, end |
| شوقيم | enthusiasm, rejoicing |
| هورالر | hurrahs, shouting |
| خاموش ليق | silence |
| استخبارات | intelligence |

| | |
|---|---|
| کسیك | cut, clipped |
| محقق بولماق | be authenticated, established |
| دشمنانه | hostile |
| برهم | harm, damage |
| نا | non-, un-, in- |
| آرام | rest, repose |
| باعث لیق | because |
| چونقور | deep |
| حکمفرما بولماق | rule, reign |
| تشویش | confusing, complicated |
| اطاعت قیلماق | obey, submit |
| نافرمان لیق | insubordination, defiance |
| اخطار قیلماق | warn, notify |
| اسلحه | armed |
| احاطه قیلماق | surround, encircle |
| توسولماق | be blocked off |
| اشارت | signal |
| مترالیوز | machine-gun |
| لحظه | instant, moment |
| نشانه | token, proof |

| | |
|---|---|
| جرئت | courage, boldness |
| دفعتاً | all at once |
| تیزیلمه ك | be lined up |
| تاقماق | attach, wear |
| زینت لیك | adornment |
| قطار | line, file |
| پایزد | train |
| پونته | pound |
| اجازت | permit |
| بوبك | baby |
| جوزه | table, bench |
| انتظام | order, tidiness |
| عجیب | weird, strange |
| تورروق تورروق | tramp tramp |
| اویلاشماق | think, brood over |
| مخبر | informer |
| ونکا | vodka |
| شراب | wine |
| قیدیرماق | ransack |
| بوغوزلاماق | slaughter |

| | |
|---|---|
| تالاماق | plunder, rob |
| طریقه | road, way |
| قوپارماق | raise |
| الاتوپالاڭ | orgy |
| سینماق | break |
| مست بولماق | become drunk |
| سرود | song |
| بختیارلیق | fortunate |
| ضربت | blow, stroke |
| طرز | method, way |
| طاماق | food |
| آکسیجن | oxygen |
| یتماگانلیك | lack, deficiency |

| | |
|---|---|
| شهید | martyr |
| بوری | wolf |
| نصیب | share, portion |
| نیزه | bayonet, spear |
| قیسماق | press, compress |
| بالاخره | at last, finally |
| وبا | epidemic |
| نظری | theoretical |
| نقطهٔ نظری | point of view |
| جنت | paradise |
| ایچ یوزی | reality |
| توشونمه ك | think over |